# پەيغەمبىرىمىز ھاياتىدىن ھىكايىلەر

**تەييارلىغان:** سەلىم گۈندۈزئالپ

**ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان:** ئابدۇررەشىد جەلىل قارلۇق

**2006 ئاۋغۇست/بىجىن**

ئۇشبۇ كىتاپچە مىللەتىمىزنىڭ مەنەۋىي دۇنياسىنى بېيىتماق مەقسەتىدە تۈركىيە تۈركچەسىدىن ئۇيغۇرچەلاشتۇرۇلدى.

مەلۇم سەۋەپلەر تۈپەيلى دەماللىققا نەشىر قىلدۇرۇپ باستۇرۇش نامۇمكىن بولغاچقا ئىمكانىمىز بارىچە كۆپەيتىپ دوست-بۇرادەرلەرگە ئەۋەرتتۇق.

پايدىلانغايسىلەر

ئىھتىرامى سالام بىرلە

ئابدۇررەشىد جەلىل قارلۇق

**2006-يىلى ئاۋغۇست بىجىن**

# ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا شاھىتلىق قىلىدۇ

**************************************

## ئەبۇ تالىپ ۋە راھىب باھىرا

ھەم يېتىم ھەم يوقسۇل بولۇپ قىلىپ چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتالىپنىڭ ھىمايىسى ۋە شەپقەتلىك قوللىرى ئارىسىدا سەككىز يېشىقا كىرگىچە چوڭ بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تاغىسى ئەبۇ تالىپقا ئامانەت قىلىندى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شەپقەت ۋە غەمخورلۇق قىلىشتا باشقا تاغىلىرىدىن تېخىمۇ ياخشى ئىدى . يوقسۇل ئىدى ، پەقەت ئۇ قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ سۆزى ئۆتىدىغان، ھۆرمەتلىنىدىغان ئۇلۇغ بىر كىشىسى ئىدى . ھاراق ئىچىشكە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان جاھىلىيەت ئادەتلىرىدىن ئۇزاق تۇراتتى.

تاغىسى ئەبۇ تالىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆزىنىڭ ئالدىدىلا تۇتاتتى. قەيەرگە بارسا، ئۇنى يېنىدا ئېلىپ باراتتى. ئۇنىڭغا نىسپەتەن ئۆز بالىلىرىدىنمۇ بەك ئامراق ئىدى .

قاچانكى تاماق يەيدىغان بولسا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىدا يوق بولۇپ قالسا قورساقلىرى تويمايتتى .ئۇنى بىرقانچە قېتىم تەجرىبە قىلغان ئەبۇ تالىپ، تاماق ۋاقتىدا داستىخاندا ھازىر بولغانلارغا قاراپ تۇرۇپ :

‹‹ توختاڭلار ! ئوغلۇممۇ كەلسۇن ›› دەيتتى .

بىرلىكتە يىگەن ھەر تاماق ئاز بولسىمۇ ئازلىق قىلماي ئېشىپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسى توياتتى.

داستىخاندا بىر قەدەخ سۈتمۇ بار ئىدى. ئەگەر ئۇلاردىن بۇرۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېتىپ باقسا ئۇ سۈت بەرىكەتلىنەتتى، ھەربىرى ئۇنىڭدىن قانغۇدەك ئىچەلەيتتى.

ئەبۇ تالىپنىڭ خانىمى فاتىمە خاتۇن، ناھايىتى پەزىلەتلىك، خۇشخۇي بىر ئىنسان ئىدى. ئۇمۇ ھېچ بولمىغان ئەبۇ تالىپ قەدەر، ئۆزلىرىگە ئامانەت قىلىنغان بۇ مۇبارەك يېتىمنى قوغدايتتى ۋە ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. ئۇ ۋاپات بولغان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆز يېشى قىلغان ۋە:

‹‹ بۈگۈن ئانام ۋاپات بولدى ›› دەپ بۇيرىغان ئىدى . بىۋاستە ئۆزى نامىزىنى چۈشۈرگەن دەپنە قىلىنىدىغان قەبرىنىڭ ئىچىدە يېتىپ باققاندىن كېيىن فاتىمە خاتۇننى قەبرىسىگە ئەكىرىپ

كۆمگەن ئىدى.

ساھابىلاردىن بەزىلىرى:

‹‹ يا رەسۇلۇللاھ، بىر باشقىسى ئۈچۈن بۇنداق قىلغانلىقىڭىزغا ھېچ شاھىت بولمىدۇق!›› دەپ بۇنىڭ ھېكمىتىنى سورىغىنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق بۇيرىغان ئىدى:

‹‹ ئەبۇ تالىپتىن كېيىن ماڭا بۇ ئايالچىلىك ياخشىلىق قىلغان بولمىدى. ئاخىرەتتە جەننەت لىباسلىرىدىن بىر كىيىم كىيىشى ئۈچۈن، ئۇنى ئۆز كۆينىكىمگە يۆگەتكۈزدۇم. گۆرىنىڭ ئىسسىنىشى ئۈچۈن بولسا، ئۇنىڭ ئىچىدە ياتتىم.

ئۇ، مىنى تۇغقان ئانامدىن كېيىنكى ئانام ئىدى. ئۆز پۇشتىدىن بولغان باللىرى ئاچ قالسىمۇ، ئالدى بىلەن مېنى تويغۇزاتتى. ››

---

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئون ئىككى ياشقا كىرگەن چاغ ئىدى. مەككىدىن شامغا بارىدىغان بىر تىجارەت كارۋىنى، پۈتۈن تەييارلىقلىرىنى قىلىپ بولۇپ يولغا چىقىش ئالدىدا ئىدى. كارۋان بىلەن بىرلىكتە يولغا چىقىدىغانلاردىن بىرسى بولسا تاغىسى ئەبۇ تالىپ ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئۆزىنى يېنىدىن ھېچ ئايرىمايدىغان تاغىسىنىڭ ئۇ ئۇزۇن سەپەرگە چىقىدىغان چاغدا، ئۆزىنىمۇ بىرلىكتە ئېلىپ ماڭىدۇ دەپ ئويلايتتى.

سەپەرگە ئاتلىنىدىغان كۈنى سەھەردە، ئەبۇ تالىپنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ئائىلە تاۋاباتلىرى ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقىلى كەلدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بار ئىدى.

ئەبۇ تالىپ ئۇنىڭغا:

‹‹ سەنمۇ مېنىڭ بىلەن بىرگە بېرىشنى خالامسەن؟ ›› دەپ سورىدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ باشقا تاغا ۋە ھاممىلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنداق ئۇزۇن ۋە مۇشەققەتلىك سەپەرگە چىقىرىلىشىنى مۇۋاپىق كۆرمەي، ئەبۇ تالىپقا بۇنىڭ توغرا بىر پىكىر بولمىغانلىقىنى ئەسكەرتىشتى.

سۆيۈملۈك جىيەنىنىڭ يولدا بىرەر زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىشىدىن ياكى ئاغرىپ قېلىشىدىن قورققان ئەبۇ تالىپ، ئۇنى يېنىدا ئېلىپ مېڭىش ئويىدىن ۋاز كەچتى.

لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قارارنى ئاڭلاپ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ يىغلىغىلى تۇرىشقا:

‹‹ ئەي قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى!›› دېدى. ‹‹ ساڭا نېمە بولدى؟ سەن، مېنى قويۇپ كېتىدۇ، دەپ يىغلاۋاتامسەن؟››

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسىنىڭ تۆگىسىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

‹‹ھەئە›› دېدى. ‹‹مېنىڭ يا ئانام يوق يا دادام....›› بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئەبۇ تالىپنىڭ

يۇرىكى ئۆرتىنىپ كەتتى ۋە:

‹‹ۋاللاھى مەنمۇ سىنى يېنىمدا ئېلىپ ماڭمەن مەنمۇ سەندىن، سەنمۇ مەندىن ئايرىلمايسەن!››

مۇشۇنداق قىلىپ كارۋان، ئارىسىدا پەيغەمبەر بار بولغان ھالەتتە يولغا چىقتى.

---

كارۋان شام تۇپرىقىدا بۇسرا دەپ ئاتىلىدىغان بىر يەرگە چۈشتى. بۇ يەردە بىر ماناستىر بار ئىدى. ئۇ ماناستىردا بولسا، باھىرا ئىسىملىك بىر راھىب ياشايتتى.

باھىرا، خرىستىئانلارنىڭ ئالىملىرىدىن بىرى ئىدى. تۇرىۋاتقان ماناستىردا نۇرغۇنلىغان كونا كىتابلار بار ئىدىكى، شۇ كۈنگە قەدەر ياشىغان پۈتكۈل خرىستىئان ئالىملىرى ئۇ كىتابلارنى ئوقۇپ مەلۇماتلانغان ئىدى. باھىرامۇ بۇ كىتابنىڭ ئوقۇرمەنلىرىدىن بىرى ئىدى.

مەككە كارۋىنى، ھەرىيلى دىگۇدەك بۇ ماناستىرنىڭ يىقىن ئەتراپىدىكى بىر يەرگە چۈشەتتى. ئۇ كۈنگە قەدەر، باھىرانىڭ ئۇلار بىلەن بىرەر قېتىم بولسىمۇ سۆھبەتتى بولۇپ باقمىغان ئىدى. پەقەت قېتىم كارۋانلار ئۈچۈن مەخسۇس زىياپەت ھازىرلاپ ئۇلارنى تاماققا دەۋەت قىلغان ئىدى.

باھىرانىڭ كارۋاندىكىلەرگە كۆڭۈل بۆلشىنىڭ سەۋەبى ئۇلار كېلىۋاتقىنىدا كۆرگەن بەزى غەلىتە ھاللار ئىدى. بوسرايا يېقىنلىشىۋاتقان كارۋانلار ئۈستىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىر بۇلۇت كارۋاندىكىلەرنىڭ بىرسىگە گويىكى سايە تاشلاۋاتاتتى. كارۋان كېلىپ توختىغىنىدا بولسا، ماناستىرنىڭ يېقىنىدىكى چوڭ بىر دەرەخ يەنە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەن ئۇ دەرەخنىڭ سايىسىغا يېقىنلاشقىنىدا، شاخلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ئېگىلىپ، ئازادە سايىدىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىۋاتاتتى. پۈتۈن مۇشۇلارنى كۆرگەن باھىرە كارۋان خەلقىگە شۇنداق دەپ خىتاپ قىلدى:

‹‹ ئەي قۇرەيش خەلقى! سىلەر ئۈچۈن زىياپەت ھازىرلىدىم. قۇل ياكى ھۆر، ھەممىڭلار كېلىپ دەۋىتىمگە ئىجاۋەت قىلىڭلار!››

كارۋاندىكىلەر راھىبنىڭ بۇ دەۋىتىگە ناھايىتى ھەيران قېلىشتى:

‹‹ ئەي باھىرە، بىز ھەرىيلى بۇيەرگە كېلىمىز. سەن بىزگە ھىچقاچان بۇنداق مۇئامىلە قىلمايتتىڭ. ۋاللاھى بۇ قېتىم سەندە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ھال بار!››

‹‹ توغرا ئېيىتتىڭىز!››دىدى باھىرە. ‹‹ ئەمما سىلەرگە ساھىبخانلىق قىلىش مېنىڭ ئۇزۇندىن بىرىكى ئارزۇيۇم ئىدى ...››

كارۋاندىكىلەر باھىرەنىڭ ئۇلار ئۈچۈن تەييارلىغان زىياپىتىنىڭ داستىخانىغا ئولتۇرۇشتى. پەقەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياش جەھەتتىن ئەڭ كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن ماللارغا ۋە تۆگىلەرگە قارايدىغان كۆزەتكۈچىلىك قىلىپ قويۇشتى.

باھىرە، كەلگەنلەرنى بىر- بىرلەپ ئىنچىكىلەپ سەپسالدى. پەقەت ئىزدىگىنىنى تاپالمىغاندەك بىر

هالى بار ئىدى.

« ئەي قۇرەيش خەلقى، سىلەردىن بۇ زىياپەتكە كەلمەي قالغان بىرى بارمۇ؟ » دەپ سورىدى.

« بىر بالىدىن باشقا ھەممىمىز كەلدۇق » دېيىشتى.

باھىرە: « ئۇنداق قىلماڭلار ئۇنىمۇ چاقىرىڭلار» دېدى.

كارۋاندىكىلەردىن بىرى بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى داستىخانغا چاقىرىپ كەلدى.

باھىرە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا تېخىمۇ سەپسىلىشقا باشلىدى. ئاندىن كېيىن يېنىغا بېرىپ:

« ئەي بالا، سەندىن بىرنەرسىلەرنى سورايمەن» دېدى ۋە قۇرەيشلىكلەرنىڭ بۇتپەرەس ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن:

« لات ۋە ئۇززانىڭ ھەققى ئۈچۈن سۇئاللىرىمغا جاۋاپ بەر!» دەپ ئىلاۋە قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

« لات ۋە ئۇززا نامىدا قەسەم ئىچىپ، مەندىن بىرنەرسىلەرنى سورىما! ۋاللاھى مەن ئۇلاردىن نەپرەتلەنگەندەك ھېچبىر نەرسىدىن نەپرەت قىلمايمەن!» دەپ جاۋاپ بەردى.

باھىرە:

« ئۇنداق بولسا ئاللاھ ئىشقى ئۈچۈن جاۋاپ بەر!» دېدى.

بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

« مەندىن خالىغىنىڭنى سورا » دېدى.

باھىرە ئۇ كونا كىتابلاردىن ئوقۇپ ئۆگەنگەن ئاخىرقى پەيغەمبەر ئالامەتلىرى ھەققىدە بەزى نەرسىلەرنى سورىدى. ئىككى دوۋىسى ئارىسىدىكى پەيغەمبەرلىك مۆھرىنى ئىزدىدى، كۆردى ۋە ئۇنى كۆرگەن ھامان ئەبۇ تالىپنى يېنىغا چاقىرىپ:

« بۇ بالا سېنىڭمىدۇر؟ » دېدى.

« ئوغلۇمدۇر» دەپ جاۋاپ بەردى ئەبۇ تالىپ.

« ئۇ سېنىڭ ئوغلۇڭ بولمايدۇ» دېدى باھىرە. « ئۇنىڭ دادىسى ۋاپات بولغان بولىشى كېرەك. »

« ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىمنىڭ ئوغلىدۇر» دېدى ئەبۇ تالىپ. « ئانىسى بۇنىڭغا ھامىلە ۋاقتىدا دادىسى ۋاپات بولغان. »

« يا ئانىسى؟ »

« ئۆلگەن!»

باھىرە، ئەبۇ تالىپنىڭ ھەر جاۋابىغا، «‹ توغرا ئېيتتىڭ!›» دەپ تەستىقلايتتى. گويىكى پۈتۈن جاۋابىنى بىلىدىغاندەكلا ئىدى. ئەبۇ تالىپنى بىر بۆلۈكىگە تارتىپ:

«‹ ئۇنى دەرھال يۇرتىغا قايتۇرۇپ كەت!›» دېدى.

«‹ يەھۇدىلارنىڭ ئۇنىڭغا زەرەر بېرىشىدىن ھەزەر ئەيلە! ئەگەر مەن ئۇنىڭغا بار بولغان نەرسىلەرنى ئۇلار بىلىپ قالسا، مۇقەررەركى، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولىشىدۇ. ئۇنى دەرھال مەملىكىتىگە قايتۇرۇپ كەت!

دەرھال يولغا چىق!

بىز ئۇنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر بولىدىغانلىقىنى كىتابلىرىمىزدىن ئوقۇدۇق. ھەرگىز ئۇنى شامغا ئاپىرىپ قالما. يەھۇدىلار ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ ئۆزلىرىدىن چىقىدىغانلىقىنى كۈتىشىدۇ. بۇ بالا بولسا، ئەرەبلەردىندۇر ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئاخىرىقى پەيغەمبىرىدۇر. ›»

باھىرەنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن كېيىن، ئەبۇ تالىپ دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەككىگە قايتۇرۇپ كەلدى.

************************************

# ئاياق ئىزى

ئىبراھىم پەيغەمبەر، ئوغلى ئىسمايىل بىلەن بىرلىكتە كەبىنىڭ تاملىرىنى ئېگىزلىتىۋاتقىنىدا، يەردىن ئالغان تاشلارنى بارغانسېرى ئېگىزلەۋاتقان تامغا ئېلىشتا قىيىلىنىۋاتاتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئىسمايىل ئەلەيھىسسالام بىر تاشنى ئېلىپ كېلىپ، دادىسىنىڭ پۇتىنىڭ ئاستىغا قويدى. ئىبراھىم پەيغەمبەرمۇ بۇ تاشنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ تام ئېتىشنى داۋام قىلدى. كەبىنىڭ ئىشى پۈتكۈچىلىك ئورۇندۇق رولىنى ئوينىغان بۇ تاش ھەربىر بۆلۈك ھەربىر تام ئەتراپىدا ئايلاندۇرۇلدى. ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ كەبىنىڭ ئىنشاسى جەريانىدا ئۈستىگە دەسسىگەن بۇ تاشقا «‹ ماقامى ئىبراھىم ›» دەپ نام بېرىلدى. كۈنىمىزدە بولسا ھەرەمى شەرىفتە قوغدالماقتا ۋە تاشنىڭ ئۈستىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياغ ئىزلىرى باردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 20 ياشلار چامىسىدا ئىدى. مەككىدە كاھىن(كېلەچەك ھەققىدە پىكىر بايان قىلىش ۋە تەھلىل قىلىش) بىر ئايال ياشايتتى. قۇرەيش خەلقىدىن بەزىلەر ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ماقەمى ئىبراھىمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

«‹ شۇ ئاياغ ئىزىغا قايسىبىرىمىزنىڭ بەكرەك ئوخشايدۇ؟ بىزگە خەۋەر بەر!›» دېيىشتى.

كاھىن ئايال:

‹‹ ئەگەر سىلەر شۇ قۇملارنى يەرگە يىيىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن بىر بىر دەسسەپ ئۆتسەڭلار، مەنمۇ چىققان ئىزنىڭلارگە قاراپ سىلەر كۈتكەن خەۋەرنى بېرىمەن!›› دېدى.

قۇرەيشلىكلەر، دەرھال كاھىن كۆرسەتكەن قۇمنى يەرگە يېيىپ، نۆۋەت بىلەن يالاڭياق ھالدا قۇمغا دەسسەپ ئۆتۈشتى. كاھىن ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياغ ئىزىنى كۆرە ـ كۆرمەستىن:

‹‹ مانا بۇ ئىز مەقامدىكى ئىزگە ھەممىدىن بەك ئوخشايدىغىندۇر!›› دېدى.

*********************************

# مەيسەرە ۋە راھىب ناستۇرا

ھەزرىتى خەدىچە، قۇرەيشنىڭ باي بىر خانىمى ئىدى. تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولاتتى، ئىشەنگەن بىرلىرىنى ۋەكىل تايىن قىلىپ، ماللىرىنى كارۋانلار بىلەن بىرلىكتە يەمەن، شام قاتارلىق يۇرتلارغا ئېۋەتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشەنچلىكلىكى، توغرىلىقى ۋە تەڭداشسىز گۈزەل ئەخلاقىغا دائىر سۆزلەرمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇنىڭغا تىجارەت كارۋانىغا قېتىلىپ ماللىرىنى ئېلىپ بارىدىغانلارغا بېرىلىدىغان ھەقتىن تېخىمۇ كۆپ ھەق بېرىپ ماللىرىنى شامغا ئېلىپ بېرىشنى ئىستىدى. ھەزرىتى پەيغەمبەر خەدىچەنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى.

ھەزرىتى خەدىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇلى مەيسەرەنى ھەمراھ قىلغان ئىدى. مەيسەرە گوياكى ئەپەندىسىنىڭ (خوجايىنىنىڭ) كۆزى ۋە قۇلىقى ئىدى. يولدا نېمە كۆرسە نېمە ئىش بولسا، خوجايىنىغا دوكلات قىلىش ۋەزىپىسى تاپىلانغان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھېچقانداق بىر شەكىلدە ئىتائەتسىزلىك قىلماسلىقى ۋە چوقۇم ھەرۋاقىت پەرمان ـ بەردار بولۇشى جېكىلەنگەن ئىدى.

سەپەر ئەسناسىدا كارۋاندىكى تۆگىلەردىن ئىككىسى دائىما ئارقىدا قالىدۇ ۋە كارۋاندىن ئۈزۈلۈپ قالاتتى. مەيسەرە، ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرگەن ئىدى. ئۇ تۆگىلەرنىڭ ئەھۋالىنى خەۋەر قىلدى.

ھەزرىتى پەيغەمبەر، ھېلىقى ئىككى ھارغىن ۋە سۇرئىتى ئاستا تۆگىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ مۇبارەك قوللىرى بىلەن تۆگىلەرنىڭ تاپانلىرىنى ۋە سۆڭەكلىرىنى ئۇۋۇلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى ئىككى تۆگە نەرە تارتىپ يۈگرەشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ كارۋاننىڭ ئەڭ ئالدىدا مېڭىشقا باشلىدى.

ھەركىم، بۇ زاتتا پەرقلىق بىر ئالاھىدىلىكنىڭ بارلىقىنى ھىس قىلىشاتتى.

................................................

كارۋان شام تۇپراقلىرىدىكى بۇسارىغا باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، بۇسرا بازىرىدا بىر ماناستىرنىڭ يېنىدىكى قېرى بىر زەيتۇن دەرىخىنىڭ ئاستىغا چۈشتى.

ماناستىردا ناستۇرە ئىسىملىك بىر راھىب بار ئىدى. ئۇ مەيسەرەنى تونۇيتتى.

«ئەي مەيسەرە!» دېدى. «شۇ دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغان كىمدۇر؟»

«قۇرەيشتىن بىر زاتتۇر!» دېدى مەيسەرە.

پىشقەدەم راھىب ناستۇرا:

«بۇنگۇنگە قەدەر بۇ دەرەخنىڭ ئاستىدا پەيغەمبەرلەردىن باشقىسى چۈشۈپ ئولتۇرۇپ باققان ئەمەس» دېدى. «بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇ يەرگە چۈشىدىغان بىرى پەقەت ۋە پەقەت پەيغەمبەر بولۇشى مۇمكىن. ماڭا ئېيتقىنا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىرئاز قىزىللىق بارمدۇ؟»

«ھەئە، باردۇر» دېدى مەيسەرە.«ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ھال ئۇنىڭدا دائىم باردۇر.»

ناستۇرا:

«مانا مۇشۇ! ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر. كاشكى مەن ئۇنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىدىغان ۋاقتىقىچە ياشىيالىسامتىم!»

---

كارۋان شۇنداق پايدىسى كۆپ بىر تىجارەت قىلىدىكى، مەيسەرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

«خەدىچە ئۈچۈن قىرىق يىل تىجارەت قىلغان بولساق ئىدۇق، سېنىڭ سايەڭدە تاپقان شۇ پايدىمىزدىن كۆپرەكىنى تاپالمايتتۇق» دېدى.

مەيسەرە تېخىچە بىلمەس ئىدىكى، خەدىچەنىڭ ئەسلى پايدىسى ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خانىم بولغۇسى ھەزرىتى خەدىچە، بارلىق مال ـ مۈلكىنى ئىسلام داۋاسىغا سەرپ قىلىپ، ئۆزىگە جەبرائىل تەرىپىدىن سالاملار ئەكىلىنەتتى ۋە مۇھەممەد ئۈممىتىنىڭ ھەرۋاقىت ئۆز ئانىلىرىدىنمۇ بەكرەك ھۆرمەتلەيدىغان بىر ئانا بولاتتى. ھەزرىتى خەدىچە، رەسۇلۇللاھنىڭ يىگانە قىزى فاتىمەنىڭ ئانىسى يەنە رەسۇلۇللاھنىڭ جىگەر پارىسى بولغان ھەسەن ۋە ھۈسەيىنىنىڭ چوڭ ئانىسى ئىدى.

مانا، سائادەت ئەسرىدىن كۈنىمىزگە ئىسلام ئالىمىنىڭ ئەڭ گۈزەل مىۋىلىرىنى يېتىشتۈرگەن ئالىي پەيت دەرىخىنىڭ يىلتىزى بۇ شەكىلدە ئۇنىڭغا چېتىلىدۇ.

**************************************************

# بۇسرا بازىرىدا بىر يەھۇدى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، بۇسرا بازىرىدا ھەزرىتى خەدىچەنىڭ ماللىرىنى سېتىۋېتىپ بىر يەھۇدى سودىگەر بىلەن سودىلىشىۋاتقىنىدا، ئارىسىدا ئۇقۇشماسلىق چىقتى.

يەھۇدى:

‹‹ لات ۋە ئۇززاغا قەسەم قىل!›› دېدى.

رەسۇلۇللاھ بولسا:

‹‹ مەن ھازىرغا قەدەر ئۇلارنىڭ نامىغا ھېچ قەسەم قىلمىغانمەن! ھەتتا ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكىنىمدىمۇ يۈزۈمنى باشقا تەرەپكە بۇراپ ئۆتىمەن›› دەپ جاۋاپ بەردى.

يەھۇدى:

‹‹توغرا ئېيتىلغان سۆز، سېنىڭ بۇ ئېيتقان سۆزۈڭدۇر›› دېدى ۋە دەرھال مەيسەرەنىڭ يېنىغا يۈگۈردى. تەنھا بىر يەردە ئۇنى كۈتىۋېلىپ:

‹‹ ئەي مەيسەرە! بۇ زات ۋاللاھى پەيغەمبەردۇر! ئاللاھقا قەسەم قىلىمەكى، ئۇ كىتابلىرىمىزدا تەرىپلەنگەن پەيغەمبەردۇر››

مەيسەرە راھىب ناستۇرادىن كېيىن بۇ يەھۇدى سودىگەرنىڭ ئېيتقانلىرىنىمۇ ئەينەن ئېسىدە تۇتتى. مەككىگە بارغىنىدا تۇنجى قىلىدىغان ئىشىدىن بىرى پۈتۈن بۇ ئاجايىپ ئەھۋاللارنى ئەپەندىسى خەدىچەگە بىر ـ بىر بايان قىلىش بولاتتى.

# هاياتقا يول بەرگەن پەيغەمبەر

***********************************

## خەدىچەنىڭ ئۈمىدى

قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئاياللىرىنىڭ بىر ئادىتى بار ئىدى. ھەرىيىلى رەجەپ ئېيىدا مەسچىدى ھەرەمدە يېغىلىپ مۇراسىم ئۆتكۈزىشەتتى. بۇ يۈتۈن قۇرەيش ئاياللىرى ئۈچۈن ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان بىر ئادەت ئىدى. يەنە مۇشۇنداق بىر كۈنى بارلىق ئاياللار مەسچىدتىكى بۇتنىڭ ئەتراپىغا يېغىلىشقان ئىدى. توساتتىنلا ئوتتۇرىغا غەلىتە بىر ئادەم پەيدا بولدى ۋە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ۋارقىراشقا باشلىدى:

‹‹ ئەي ئاياللار! ئەي قۇرەيش ئاياللىرىنىڭ جامائىتى! ناھايىتى يېقىندا، ئەتراپىڭىزدىن ئەخمەت ئىسمى بىلەن ئاتىلىدىغان بىر پەيغەمبەر چىققۇسىدۇر. سىلەردىن قايسى بىرىڭلار ئۇنىڭغا جۈپ بولالىسا، دەرھال بولسۇن!››

بۇ غەلىتە ئادەمنىڭ ئېيتقانلىرى، قۇرەيشلىك ئاياللارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى. ھەممىسى ئاچچىقلاپ ھاقارەت قىلىشقا، ئۇ ئادەمگە ئېغىر گەپلەرنى قىلىپ تاش ئېتىشقا باشلاشتى. پەقەت ئۈلارنىڭ ئىچىدىن بىرەيلەن لام- جىم دېمىدى. نە تاش ئاتتى، نە ئاچچىقلىدى ۋە نەدە غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى. ھەتتا ئۇ كىشىنىڭ ئېيتقانلىرىدىن بىر مىقتار ئۈمىدكە تولدى. ئۇ ئايال ھەزرىتى خەدىچە ئىدى. ئاللاھمۇ ئۇنىڭ بۇ ئۈمىدلىرىنى بىكار قىلمىدى.

ھەزرىتى خەدىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇسرىدىن قايتىشىدىن ئىككى ئاي يىگىرمە تۆت يىگىرمە بەش كۈندىن كېيىن توي قىلدى ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى بولدى. ئۆزى قىرىق ياشتا ، رەسۇلللاھ بولسا يىگىرمە بەش ياشتا ئىدى.

*****************************************************

# زىنا ئۈچۈن رۇخسەت ئىستىگەن ياش

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا بىر ياش كەلدى. ئىچى سىقىلغان بىر ھالەتتە بار ئىدى.

‹‹ ھەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى، زىنا قىلىشىم ئۈچۈن ماڭا رۇخسەت بەر، ئەمدىلىكتە تاقىتىم قالمىدى ›› دېدى.

بۇ يەردە ئولتۇرغانلار ياشنىڭ بۇ ناچار تەلىۋى تۈپەيلى غەزەپكە كېلىشتى. بەزىلىرى ئۇنى شىددەت بىلەن ئازارلىسا، بەزىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئاغزىنى ئېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئېتىلدى. ھەتتا ئۇنىڭغا قاتتىق بىر تەستەك پەشۋا ئېتىشنى ئارزۇ قىلىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكەنلەرمۇ بولدى.

پەقەت ئۇ شەپقەتلىك نەبى بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا رۇخسەت بەرمىگىنىدەكلا سوغۇققانلىق بىلەن بۇ ياشنى تىڭشىدى. ئاندىن كېيىن يېنىغا چاقىردى ۋە ئۇنى تىزىنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ سورىدى:

‹‹ مۇنداق بىر ئىشنىڭ سېنىڭ ئاناڭ بىلەن قىلىنىشىنى خالامسىدىڭ؟››

ياش:

‹‹ ئانام ، دادام ساڭا پىدا بولسۇن يا رەسۇلۇللاھ ! ئەلۋەتتىكى خالىمايتتىم . ››

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

‹‹ ھېچقانداق بىر ئىنسان، ئانىسىغا مۇنداق بىر قىلىنىشنى خالىمايدۇ›› بۇيرىدى ۋە :

‹‹ ئۇنداقتا سېنىڭ بىر قىزىڭ بولسا ئىدى، ئۇنىڭغا بۇنداق بىر ئىشنىڭ قىلىنىشىنى خالارمىدىڭ؟ ››

دەپ يەنە بىر سوئال سورىدى.

ياش كىشى بۇ سوئالغىمۇ:

‹‹ جانىم ساڭا پىدا ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! خالىماس ئىدىم ›› دەپ جاۋاپ بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :

‹‹ ھېچبىر ئىنسان قىزىغا بۇنداق قىلىنىشنى خالىمايدۇ›› بۇيرىدى. ئارقىسىدىنلا:

‹‹ ھامملىرىڭنىڭ بىلەن بۇنداق بىر ئىش قىلىنىشنى خالارمىدىڭ؟ ›› دېدى.

‹‹ ياق، يا رەسۇلۇللاھ! ›› دېدى ياش .

‹‹باشقا بىرسىنىڭ قىز قېرىنداشلىرىنىڭ بىلەن زىنا قىلىنىشنى خالارمىدىڭ؟ ››دېدى رەسۇلۇللاھ.

‹‹ ياق! ياق،خالىماس ئىدىم !›› دەپ جاۋاپ بەردى ياش.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام سۆزلىرىنى تۆۋەندىكى جۈملە بىلەن تۈگەتتى:

«« ھەرقانداق بىر كىشى ھاممىلىرى بىلەن ئاچا- سىڭىللىرى بىلەن زىنا قىلىنىشىنى خالىمايدۇ.»» ئاندىن كېيىن بولسا ھېلىقى ياشقا دۇئا قىلدى:

«« ئاللاھىنىڭ بۇنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىل، قەلبىنى پاكلا ۋە نومۇسىنى قوغدا.»»

---

بەزى رىۋايەتچىلەر ئۇ ياشنىڭ جۇلەيبىب ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ. ئۆزى نەپسگە ھاكىم بولالمايدىغان بىر ياش بولۇپ تونۇلغان ئىدى ۋە ساھابىلەر ئارىسىدا يامان نامى بار ئىدى. پەقەت، رەسۇلۇللاھ بىلەن ئارىسىدا جەريان بولغان بۇ ۋەقەدىن كېيىن پاك ــ پاكىز بىرى بولدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھېچكىم ئۇنىڭغا قىز بېرىشنى خالىمىغان بولسا، بۇ ۋەقەدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆيلەندۈرۈلدى. ئۆيلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، قاتناشقان تۇنجى ئۇرۇشتا شەھىد بولدى.

ئۇشبۇ جەڭنىڭ ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ساھابىلىرىدىن سورىدى:

«« ئاراڭلاردىن شەھىد بولغانلار بارمۇ؟ »»

«« ياق، يا رەسۇلۇللاھ ھەممىمىز ساپمۇساق!»» دېيىشتى.

«« ئەمما مېنىڭ بىر زېيىنىم بار»» بۇيرىدى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ۋە جۇلەيبىبنىڭ بېشىغا كېلىپ:

«« جۇلەيبىب مەندىن مەنمۇ جۇلەيبىبدىن»» دەپ بۇيرىدى.

**************************************************

# ئابۋا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئابۋا ئىسىملىك بىر تۆگىسى بار ئىدى. شۈبھىسىز، يەر يۈزىدىكى ھايۋانلار ئىچىدە ئەڭ تەلەيلىكى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئارىسىرا ساھابىلىرى بىلەن بىرلىكتە تۆگە بەيگىسى قىلاتتى. ھېلىقى تەلەيلىك ئابۋا قاتناشقان پۈتۈن مۇسابىقىلەردە بىرىنچىلىككە ئېرىشەتتى. بۇنىڭدا ئابۋانىڭ ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا مىنەكلىك قىلىشىدىن تۇيۇلغان زوقنىڭ تەسىرى بولغاندەكلا گوياكى باشقا تۆگىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ تۆگىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈشتىن ھايا قىلغانلىقلىرىنىڭمۇ ئۇلۇشى بار ئىدى ئېھتىمال. دەرەخلەرنىڭ، تاشلارنىڭ ئۇنىڭغا(رەسۇلۇللاھقا) سالام بەرگەنلىكىنى، پەيغەمبەرلىككە شاھىد بولغانلىقىنى ئەسلىسەك تۆگىلەرنىڭ بۇ ھالىتىگە ھاڭ ـ تاڭ قالماسلىقىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قېتىم باشقا بىر تۆگە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، يىغلاپ زارلىنىپ تۇرۇپ دەردىنى ئاڭلاتقان، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ساھىبىنى شىكايەت قىلمىغانمىدى؟

بىر كۈنى يەنە بىر مۇسابىقە قىلىندى. پەقەت بۇ قېتىم ناھايىتى ئۇزاقتىن كەلگەن بەدەۋىينىڭ تۆگىسى ئابۋادىن ئۆتۈپ كەتتى.

ساھابىيلەر رەسۇلۇللاھنىڭ تۆگىسىنىڭ كەينىدە قالغانلىقىغا ناھايىتى ئۆكۈندى. ئۆكۈنۈشلىرى چىرايلىرىدىن كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا، شۇنداق بۇيرىدى :

‹‹ يەر يۈزىدە، يۈكسەلتكەن ھەممە نەرسىنى يەنە پەسەيتىش ئەزىز بولغان ئاللاھنىڭ بىر ھەققىدۇر.››

************************************

# ئالدى بىلەن ئوڭدىكىسگە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىدى. ئۇلاردىن بىرەيلەن رەسۇلۇللاھقا ئىچىملىككە تەكلىپ قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئالدى بىلەن ئۆزى ئىچتى. ئوڭ تەرىپىدە بولسا ياش بىر ساھابە ئولتۇراتتى. سول تەرىپىدە بولسا، پىشقەدەم بىر زات بار ئىدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بويىچە، تەكلىپ ئوڭ تەرىپىدىكى كىشىدىن باشلىنىشى كېرەك ئىدى پەقەت سول تەرىپىدە پىشقەدەم كىشى بارئىكەن، ئالدى بىلەن ئوڭ تەرىپىدىكى ياشقا بېرىش ئۇ پىشقەدەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىش مۇمكىن دەپ ئويلىدى بولغايكى، ياشقا قاراپ:

‹‹ ئىستاكاننى شۇ پىشقەدەم زاتلارغا بېرىشىم ئۈچۈن ماڭا رۇخسەت بېرەرسەنمۇ؟ ›› دەپ سورىدى.

ھېلىقى ياش ئەلۋەتتە ساھابىلەرنىڭ ئىچىدىكى باشقا ياشلارغا ئوخشاشلا رەسۇلۇللاھقا جامۇ كۆڭلى بىلەن باغلانغان ئىدى. دۇنيادا ھېچبىر نەرسە ۋە ھېچكىم يوقتۇركى ئۆزى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بەكرەك سۆيۈملۈك بولغاي. ئاللاھنىڭ نەبىسى قولىدىكى قەدەھ بىلەن ئۆزىدىن رۇخسەت سورىغىنىدا، ياش شۇنداق جاۋاپ بەردى:

‹‹ ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى، ئاللاھقا قەسەم بولغايكى، ماڭا سىزدىن كېلىدىغان بىر نېسىۋەمنىڭ باشقىسىغا بېرىلىشىنى ئەسلا خالىمايمەن!››

رەسۇلۇللاھمۇ بۇ كۆڭلى ئوچۇق ياشقا قەدەھنى بېرىۋەتتى.

***

باشقا بىر كۈنى، يەنە بىر مەجلىستە رەسۇلۇللاھقا ئىچىملىك ئەكىلىندى. بۇ قېتىم سول تەرىپىدە غاردا ھەمراھ بولغان ئەبۇ بەكرى، ئوڭ تەرىپىدە بولسا بىر بەدەۋى ئولتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدى بىلەن ئۆزى ئىچتى، ئاندىن كېيىن ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان بەدەۋىگە قەدەھنى ئۇزاتتى.

‹‹ بىرىنجىلىك ھەققى ئوڭدىكىنىڭدۇر ››دەيتتى. ‹‹ ئاندىن كېيىنكى ئۆچرەت ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكىنىڭدۇر››

***********************************

# ياخشى كۆرگەنلىكىگنى ئېيىت

بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر ئادەم، ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەن باشقىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ رەسۇلۇللاھقا شۇنداق دېدى:

‹‹ ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى ، مەن ئۆتۈپ كەتكەن شۇ كىشىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن ›› دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

‹‹ ئۇنداقتا، ئۇنىڭغا بۇنى ئېيتتىڭمۇ؟ ›› دەپ سورىدى.

‹‹ ياق! ›› دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى ئادەم.

‹‹ ئۇنىڭغا بۇنى ئېيىت›› بۇيرىدى رەسۇلۇللاھ.

ھېلىقى كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەن كىشىگە يېتىشتى ۋە :

‹‹ سېنى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن›› دېدى.

ھېلىقى كىشى بولسا، ئۆزىنى ياخشى كۆرگەن كىشىگە شۇنداق گۈزەل بىر جاۋاب ياندۇرۇپ بەردى:

‹‹ ئاللاھ نامىدا مېنى ياخشى كۆرگىنىڭ ئۈچۈن زات (يەنى ئاللاھ) مۇ سېنى ياخشى كۆرسۇن!››

**************************************************

# ھەقىقىي بايلىق

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىنىڭ سەرخىللىرىدىن ئەبۇزەردىن سورىدى:

‹‹ئەي ئەبۇزەر! سىنىڭچە مال كۆپلىكى بايلىقمىدۇر؟ ››

ئەبۇزەر :

‹‹ ھەئە! ›› دېدى.

ئۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ :

‹‹ ئۇنداقتا ، مال ئازلىقىنى بولسا نامراتلىق دەپ ئويلامسەن؟ ›› دەپ سورىدى.

ئەبۇزەر يەنە:

‹‹ ھەئە، ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى!›› دەپ جاۋاب بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا شۇنداق بۇيرىدى:

‹‹ شۇ مۇقەررەركى، ھەقىقىي بايلىق قەلب (كۆڭۈل) بايلىقىدۇر. ھەقىقىي يوقسۇللۇقمۇ قەلب(كۆڭۈل) نامراتلىقىدۇر.

*****************************************************

# بايلار ۋە يوقسۇللار

بىركۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا پېقىر پۇقرا مۇسۇلمانلاردىن بىرنەچچىسى كېلىشتى ۋە:

‹‹ ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى، باي بولغانلار يۇقىرى مەرتىۋە ۋە ئەبەدىي نىمەتلەرگە ئېرىشتى ›› دېيىشتى.

رەسۇلۇللاھ:

‹‹ نېمە قىلىشتى؟›› دەپ سورىدى.

‹‹ ئۇلار بىز كەبى ناماز ئوقۇۇشىدۇ ، بىزگە ئوخشاش روزا تۇتۇۇشىدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدىن كۆپرەك سەدىقە بېرىشىدۇ؛ بىز بولساق بېرەلمەيمىز. ئۇلار قۇل ئازاد قىلىشىدۇ؛ بىز بولساق قىلالمايمىز›› دەپ جاۋاب بېرىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

‹‹ سىزگە بىر نەرسە ئۆگىتەيمۇ؟ ›› دەپ سورىدى.

‹‹ بۇ ساھىدە سىلەردىن ئالغا كەتكەنلەرگە يېتىشەلەيسىلەر؛ ھەتتا ئۇلاردىن ئۆتۈپ كېتەلەيسىلەر. سىلەردىن كېيىن، سىلەردەك قىلمىغان ھەرقانداق كىشى سىلەردىن ئۆتەلمەيدۇ. ››

ئۇلار سۆيۈنچ بىلەن:

‹‹ ئۆگەن يا رەسۇلۇللاھ!›› دېيىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا شۇ نەسىھەتنى بەردى.

‹‹ ھەر نامازدىن كېيىن، ئوتتۇز ئۈچ قېتىم سۇبھاناللاھ، ئەلھەمدۇلىللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر دەڭلار.››

بىر مۇددەتتىن كېيىن، بۇ يوقسۇللار ھوزۇرى ساھادەتكە تەكرار كېلىپ:

‹‹ ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى، باي قېرىنداشلىرىمىز بىزنىڭ قىلىۋاتقانلىرىمىزنى ئاڭلىشىپ، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش قىلىشقا باشلىشىپتۇ ›› دېيىشتىلەر.

بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبىرىمىز شۇنداق بۇيرىدى:

‹‹ ئەمدى بۇ ئاللاھنىڭ بىر فەزلى كەرەمىدۇركى، ئۇنى خالىغىنىغا بېرۇر.››

************************************

# يالغانغا دىققەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ، بىر ئايالنىڭ بالىسىنى چاقىرىغانلىقىنى ئاڭلىدى:

‹‹ قېنى كەلگىن ، ساڭا نېمە بېرىمەن!››

دەرھال ئايالدىن سورىدى:

‹‹ بالىغا نېمە بەرمەكچىسەن؟››،

ئايال :

‹‹ كەلسە ئۇنىڭغا بىر خورما بەرمەكچىدىم ›› دەپ جاۋاب بەردى.

‹‹ ئېھتىيات قىل ! ›› دېدى رەسۇلىللاھ. ‹‹ ئەگەر ئۇنىڭغا بىر نەرسە بەرمەيدىغان بولساڭ، ئۈستىگە بىر يالغان يېزىلىدۇ !››

---

# يالغانچى

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراشتى:

‹‹ ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى، قورقۇنچاق مۆمىن بولۇرمۇ؟ ››

‹‹ ھەئە ، بولۇر ›› دەپ جاۋاب بەردى رەسۇلىللاھ.

‹‹ ئۇنداقتا بېخىل مۆمىن بولۇرمۇ؟›› دېيىشتى.

‹‹ ئۇمۇ بولۇر ›› دەپ جاۋاب بەردى.

‹‹ ئۇنداقتا، يالغانچى مۆمىن بولۇرمۇ؟ ›› دېيىشكىنىدە بولسا:

‹‹ ياق، بولماس! ›› دەپ بۇيرىدى.

*****************************************************

# گۈزەل ئىسىم

بىر كۈنى، ناھايىتى سۈتلۈك بىر تۆگىنى سېغىش زۆرۈر بولۇپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

‹‹ بۇنى كىم ساغىدۇ؟ ›› دېدى.

بىر كىشى ئورنىدىن تۇردى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىدى.

‹‹ مۇررە ›› دېدى ھېلىقى ئادەم .مۇررە، ‹‹ ئاچچىق ›› دېگەن مەنىدە ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

‹‹ ئولتۇر! ›› دەپ بۇيرۇق قىلدى، ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلمىدى. تەكرار سورىدى:

‹‹ بۇ تۆگىنى كىم ساغىدۇ؟››

باشقا بىرسى ئورنىدى تۇردى.

‹‹ مەن ساغىمەن!›› دېدى.

رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭمۇ ئىسمىنى سورىدى:

ھېلىقى ئادەم:

‹‹ ھەرب (ئۇرۇش) ›› دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسمى ئۇرۇش مەنىسىگە كەلگەن ھېلىقى ئادەمنىمۇ ئولتۇرغۇزدى، تۆگىنى سېغىش ئۈچۈن ئۇنىڭغىمۇ رۇخسەت قىلمىدى.

تەكرارلاپ :

‹‹ ئۇ تۆگىنى كىم ساغىدۇ؟ ›› دەپ سورىدى. يەنە بىرى ئورنىدىن تۇردى.

رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭمۇ ئىسمىنى سورىدى:

‹‹ يائىش ›› دېدى ھېلىقى ئادەم. (يائىش) ياشايدىغان دېمەك ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئىسمىنى ياخشى كۆردى ۋە تۆگىنى سېغىش ئۈچۈن، ‹‹ سەن ساغ! ›› دەپ رۇخسەت بەردى.

**************************************************

# ئاللاھنىڭ يوللىرى

كۈنلەردىن بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كۈچلۈك، قۇۋۋەتلىك، ساغلام، كۈچتۈڭگۈر بىر ئادەم كەلدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ئەتراپتىكىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ساھابىلەرنىڭ بەزىلىرى:

‹‹ ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى، كاشكى بۇ ئادەم ئاللاھنىڭ يولىدا ئىشلەيدىغان بولۇپ قالغان بولسا ئىدى! ›› دېيىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئۇلارغا شۇنداق جاۋاب بەردى:

‹‹ ئەگەر بۇ ئادەم كىچىك بالىسى ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان بولسا ئاللاھ يولىدىدۇر، پىشقەدەم ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان بولسا، ئاللاھ يولىدىدۇر. نەپسىنى، نومۇسىنى قوغداش ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان بولسا، ئاللاھ يولىدىدۇر. ئائىلىسى ئۈچۈن ئىشلەش مەقسىتىدە يولغا چىققان بولسا، ئاللاھ يولىدىدۇر....

پەقەت، ماختىنىش، مەغرۇرلىنىش ئۈچۈن چىققان بولسا، شەيتاننىڭ يولىدىدۇر.

***************************************

# ئەڭ گۈزەل قۇل

بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالمنى قۇل ۋە خىزمەتچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بىر ئايال مۇنداق دېدى:

‹‹ قۇلغا ئوخشاش تاماق يەپ ئولتۇرشىنى !››

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا شۇنداق بىر جاۋاب بەردى:

‹‹ مەندىن گۈزەل قۇل بولۇرمۇ، مەن ئاللاھنىڭ قۇلمەن!››

# قويۇپ بەر ئۇياتسۇن!

مەدىنىدە، بىر ئادەم ئۇكىسىنى بىر تەرەپكە تارتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئۇياتقاقلىقى توغرىسىدا ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ دېيىلىۋاتقان سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالدى ــ دە ، ئۇ ئادەمگە شۇنداق دېدى:

‹‹ قويۇپ بەر! ئۇياتسۇن(خىجىلچان بولسۇن). چۈنكى، ئۇيۇتۇش (ھايا) ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر››.

*************************************************

# زېرىكتۈرمەڭلار!

بىر كۈنى بىر كىشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ :

‹‹ مەن پالانچىنىڭ يۈزىدىن بامدات نامىزىغا بارالمايۋاتىمەن، چۈنكى، نامازنى بەك ئۇزارتىۋېتىدۇ›› دېدى.

رەسۇلۇللاھ ھېلىقى پالانچىدىن شۇنداق رەنجىدىكى، ئۇ چاغقىچە بەلكىم باشقا بىرسىدىن ئۇنچىلىك رەنجىپ باقمىغان ئىدى.

ساھابىلىرىگە شۇنداق بىر ئاگاھلاندۇرۇشتا بولدى:

‹‹ ئاراڭلاردا ئىبادەتتىن زېرىكتۈردىغانلار بار! ھەرقانداق بىرىڭلار ئىمام بولسا، نامازنى ئۇزارتمىسۇن؛ چۈنكى ئارقىسىدا چوڭ بار، كىچىك بار كىشى بولغان بار!››

**********************************

# ئاچچىقتىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن

ئىككى كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا بىر- بىرىگە ۋارقىرىشىپ تىللىشىۋاتاتتى. ئۇلاردىن بىرىنىڭ يۈزى ئاچچىقتىن قىپقىزىل بولۇپ كەتكەن ئىدى. بوينىدىكى جان تومۇرى بولسا، ھۆپپىدە ئېسىلگەن ئىدى.

ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن ئاللاھنىڭ رەسۇلى شۇنداق بۇيرىدى:

‹‹ مەن بىر كالامنى بىلىمەنكى، ئەگەر بۇ كىشى ئۇنى ئېيتسا، ئۆزىدىكى ئۇ ئاچچىق ھال كېتەر››. ئەگەر، ‹‹ ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىررەجىم( قوغلانغان شەيتاندىن ئاللاھقا سىغىنىمەن) دېسە، بۇ ھالدىن قۇتۇلىدۇ. ››

**************************************************

## نەسىھەت

بىر كۈنى بىر كىشى ھوزۇرى سائادەتكە كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا :

‹‹ ماڭا بىر نەسىھەت بەر ›› دېدى .

ئاللاھنىڭ رەسۇلى:

‹‹ ئاچچىقلىما!›› دەپ بۇيرىدى.

ئۇ كىشى نەسىھەت تەلەپ قىلغانلىقىنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىغان بولسىمۇ ، رەسۇلۇللاھنىڭ جاۋابى ئۆزگەرمىدى .

‹‹ ئاچچىقلىما! ئاچچىقلىما! ئاچچىقلىما!››

**************************************************

# مىنەك

پەيغەمبىرىمىز پۈتۈن باللارنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. پەقەت ئۇنىڭ جىگەر پارىسى ھەسەن بىلەن ھۈسەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسام كۆپىنچە ئۇلار بىلەن ئويۇن ئوينايتتى. تەن ـ ساقلىقىدىن دائىما خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى. يەنە بىر كۈنى، ھەسەن ۋە ھۈسەيىننى ھاپاش قىلىپ بىر تۆگە كەبى ئايلاندۇرىۋاتاتتى، سائادەت ئۆيىدىن ئۆيىنىڭ ئىچىگە ھەزرىتى ئۆمەر كىردى:

‹‹ ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى بۇنداق بىر ھالەتتە كۆرۈش بىلەن تەڭ، ھەسەن ھۈسەيىنگە ۋارقىراپ:

‹‹ نېمە دېگەن چىرايلىق مىنىكىڭلار بار!›› دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ دەرھال جاۋاب بېرىپ:

‹‹ئۇلارمۇ نېمە دېگەن ياخشى چەۋەندازلاردۇر!››

**************************************************

# ئويۇن

بىر كۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن بەزىلىرى رەسۇلىللاھ دەۋەت قىلىنغان بىر زىياپەتكە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقىشقان ئىدى. يولدا، ھۈسەيىننى ئۇچرىتىشتى. باللار بىلەن ئويۇن ئويناۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالم سۆيۈملۈك نەۋرىسىنى كۆرۈش بىلەنلا ، جامائەتنىڭ ئارىسىدىن ئالدىغا چىقىپ ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن قوللىرىنى ئاچتى. ھۈسەيىن بولسا خۇشاللىقىدىن بىر ئۇگىغا بىر سولغا قىچىپ مۇبارەك چوڭ دادىسىغا شوخلۇق قىلىشقا باشلىدى. ئۇ قايسى تەرەپكە قاچسا، رەسۇلىللاھمۇ قوللىرىنى ئاچقانچە ئۇ تەرەپكە قاراپ ئۇنى تۇتۇپ ئالغانغا قەدەر ئۇنىڭ كەينىدىن لەرزان يۈگۈردى.

ئاخىرىدا تۇتىۋالدى ۋە بىر قولىنى ھۈسەيىننىڭ ئېڭىكىدىن يەنە بىر قولىنى بوينىدىن تۇتۇپ سۆيدى ۋە:

‹‹ ھۈسەيىن مەندىندۇر، مەنمۇ ھۈسەيىندىنمەن! كىم ھۈسەيىننى ياخشى كۆرسە، ئاللاھمۇ ئۇنى ياخشى كۆرسۇن!›› دەپ بۇيرىدى.

**************************************************

# بالامنى رەنجىتتىڭ!

ھەزرىتى ئابباسنىڭ خانىمى ئۇممۇل فادىل ھەزرىتى ھەسەنگە ئىنىك ئانىلىق قىلىۋاتاتتى. بىر كۈنى، ھەسەننى قۇچىقىغا ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ باردى. ئەمما، ئۇ ئەسنادا بالا تەرىتىنى قىلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىملىرىنى بۇلغىدى. ئۇممۇل فادىل، خالىماستىن بولسىمۇ قولى بىلەن بالىنى ئۈچۈغدىدى.

ئاللاھنىڭ رەسۇلى بۇنىڭغا ناھايىتى خاپا بولدى ۋە ئۇممۇل فادىلغا:

«ئاللاھ ساڭا مەرھەمەت قىلسۇن! بالامنى رەنجىتتىڭ» دەپ بۇيرىدى.

# ئۇزۇن داۋام قىلغان سەجدە

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە ناماز ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن مەسچىتكە كەلدى. يېنىدا ئامراق نەۋرىلىرىدىن بىرى بار ئىدى ئۇنى قۇچىقىدىن چۈشۈرۈپ ئۇنى يان تەرىپىگە قويدى ۋە تەكبىر ئېيتىپ نامازغا تۇردى. سەجدىگە بارغاندا سەجدىسى ھەرۋاقىتتىكىدىن ئۇزۇن داۋام قىلدى. نامازدىكىلەر بۇ ئەھۋالنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە ئالدىراشتى. ئاقىبەت ناماز تۈگىگەندە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى:

« ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى، سەجدە نېمە دېگەن ئۇزۇن داۋام قىلدى ، ئەجىبا بىر ھادىسە بولدىمۇ ياكى سىزگە ۋەھى كەلدىمۇ بىلگىمىز كەلدى؟»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

« ياق!» دېدى. «بۇلارنىڭ ھېچبىرى يۈز بەرمىدى. نەۋرەم مەن سەجدە قىلىۋاتقىنىمدا دۈمبەمگە چىقىۋالدى. مەن ئالدىراپ كېتىپ، ئۇنىڭ ھەۋىسى قانماي تۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدىم، ئۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ ئۆزلىگىدىن چۈشىشىگە قەدەر ساقلىدىم.»

*************************************************

## مەرھەمەت

نۇرغۇنلىغان چۆل بەدەۋىيلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىشتى، ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بالىلىرىنى سۆيۈپ قولىغا ئېلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈش بىلەن تەڭ:

‹‹ سىلەر بالاڭلارنى سۆيەمسىلەر؟ ›› دەپ سوراشتى.

ئۇلارغا:

‹‹ ھەئە، سۆيىمىز!›› دېگەن جاۋاب بېرىلدى. ئۇلار:

‹‹ ۋاللاھى بىزنىڭ باللىرىمىزنى سۆيىدىغان بىر ئادىتىمىز يوقتۇر›› دېيىشتى. بۇ پاراڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغان پەيغەمبەر شۇنداق بۇيرىدى:

‹‹ ئاللاھ قەلبىڭلاردىن مەرھەمەتنى كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، سىلەرنىڭ قەلبىڭلەرگە مەرھەمەت قويۇش مېنىڭ قولۇمدىمۇ؟››

---

# ئەڭ خەيرلىك كىم

بىر كۈنى ساھابىلەردىن بەزىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر كىشىنىڭ سۆزىنى قىلىپ ، ئۇنىڭ ناھايىتى خەيرلىك بىر كىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى:

‹‹ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى، ئۇ كىشى بىز بىلەن بىرلىكتە ھەجگە بارغانىدى. قونغان ھەريەردە تۇرۇپ يولغا چىققۇچە داۋاملىق ناماز قىلاتتى ۋە ئىبادىتى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. پۈتۈن سەپەر بويىچە ئۇنى دائىما ئاللاھنى زىكىر قىلغان ھالەتتە كۆردۇق.››

بۇ ئېيتىلغانلاردىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

‹‹ئۇنداقتا، يېمەك ـ ئىچمىكىگە كىم قارىدى؟ ئۇلاغلىرىغا كىم قارىدى؟››

‹‹يا رەسۇلىللاھ، مۇنداق بىر زاتقا كىم خىزمەت قىلىشنى خالىمايتىكى ، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا بىز قارىدۇق!›› دېيىشتى.

‹‹ئۇنداقتا›› دەپ سۆز باشلىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹‹سىلەر، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ خەيرلىك ئىنسانلارسىلەر››

***********************************

# يىقىنلىق قوشنىسى

ئائىشە ئانىمىز بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىدى:

‹‹ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى، ئىككى قوشنام بار، مەن قايسىسىغا بەكرەك ئىززەت ـ ئىكرام قىلاي؟››

رەسۇلۇللاھ:

‹‹ساڭا ئەڭ يېقىن بولغان قوشناڭغا قىل›› دەپ بۇيرىدى.

**************************************************

# ساۋاب ئىستىسەڭ

بىر كۈنى بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

‹‹ئاللاھتىن ساۋاب كۈتۈپ جىھات(غازات) قىلىشنى ئىستەيمەن›› دېدى.

ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئۇنىڭدىن سورىدى:

‹‹ئاناڭ ـ داداڭ ساقمىدۇر؟››

‹‹ھەئە›› دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى كىشى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

‹‹ئۇنداق بولسا ئۆيۈڭگە قايت، ئۇلار ئۈچۈن ئىشلە!›› دەپ بۇيرىدى.

**************************************************

# قېرىندىشىڭغا ياردەم قىل!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىگە دېدىكى:

‹‹مەزلۇم بولسىمۇ، زالىم بولسىمۇ قېرىندىشىڭلارغا ياردەم قىلىڭلار!››

بىرسى:

‹‹ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى، مەزلۇمغا ياردەم قىلىمەن، ئەمما زالىمغا قانداقسىگە ياردەم قىلىمەن؟››

رەسۇلۇللاھ شۇنداق جاۋاب بەردى:

‹‹ئۇنىڭ زۇلۇم قىلىشىغا توسالغۇ بولساڭ بۇمۇ ئۇنىڭغا بىر ياردەمدۇر.››

*********************************

# پەيغەمبەر ۋە دۇنيا

ئىبنى مەسئۇد بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. رەسۇلۇللاھ، قاتتىق بورىنىڭ ئۈستىدە ياتقان ئىدى. ئۇ بورا ۋۇجۇدىنىڭ يان تەرەپلىرىگە ئىز چىقىرىۋەتكەن ئىدى. بۇ مەنزىرە ئىبنى مەسئۇدنى پەۋقۇلئاددە ھاياجانلاندۇرۇپ كۆڭلىنى يېرىم قىلغان.

‹‹ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى.›› دېدى. ‹‹ساڭا بىر سېلىنچا تېپىپ بەرسەك بورىنىڭ ئۈستىگە سېلىپ ياتسىڭىز، بورىنىڭ قاتتىقلىقىدىن سىزنى ساقلىغان بولسا...››

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب بەردى:

‹‹مەن كىم، دۇنيا كىم. دۇنيا بىلەن مېنىڭ مىسالىم، بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا سايىدىۋالغاندىن كېيىن ئۇيەرنى تەرك ئېتىپ كەتكەن بىر يولۇچىنىڭ مىسالى كەبىدۇر.››

*********************************************

# ئاچلىق

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى مەسچىتتە ئۆزى يالغۇز نافىلە ناماز قىلىۋاتاتتى، پەقەت نامىزنى ئولتۇرۇپ ئوتەۋاتاتتى. ئەبۇ ھۇرەيرە بۇ ھالنى كۆرۈپ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردى، ناماز تۈگىشىگىلا:

‹‹ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى، مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ نېمىشقا نامازنى ئولتۇرۇپ ئوتەيدىڭىز؟›› دەپ سورىدى.

ئاللاھنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ رەئىسى شۇنداق بىر جاۋاب بەردى:

‹‹يا ئەبۇ ھۇرەيرە نەچچە كۈن بولدى ئاغزىمغا سالغۇدەك بىر لوقما تاپالمىدىم. ئاچلىق تاقىتىمنى تاق قىلدى. ئاياقتا تۇرغۇدەك دەرمانىم قالمىدى. مۇشۇنىڭ ئۈچۈن نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇدۇم.

ئەبۇ ھۇرەيرە بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يىغلاشقا باشلىدى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يىغلامسىرىغىنىنى كۆرۈپ ئۆز ئەھۋالىنى ئۇنتۇپ:

‹‹يىغلىما، ئەي ئەبۇ ھۇرەيرە! بۇ يەردە چېكىلگەن ئاچلىق، ئىنسانىنى ئاخىرەت ئازابىدىن قۇتقازغۇسى›› دەپ بۇيرۇپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى.

***************************************************

# تىرىلىش

بىر كۈنى ساھابىلەردىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىدى:

‹‹ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى، ئاللاھ، پۈتۈن بۇ مەخلۇقاتنى قانداق قىلىپ يېڭىدىن تىرىلدۈرىدۇ؟ بۇنىڭ ئۆرنىكى نىمىدۇر؟››

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق جاۋاب بەردى:

‹‹سەن، قەۋمىڭ ياشاۋاتقان ۋادىدا ھىچ قۇرغاق بىر مەۋسىمنى كۆرمىدىڭمۇ؟ شۇنىڭدىن كېيىن بىر قېتىم ھەرتەرىپى ياپيېشىل بولغان يەنە بىر مەۋسىمگە دۇچ كەلمىدىڭمۇ؟››

سوئالنى سورىغان ئەبۇ رەزىين ئەل ئۇقايلىدۇركى:

‹‹ئەلۋەتتە›› دېيىشىگە، رەسۇلىللاھ:

‹‹مانا بۇ ئاللاھنىڭ يېڭىدىن يارىتىشىغا دەلىلدۇر، ئاللاھ ئۆلۈكلەرنىمۇ مۇشۇنداق تىرىلدۈرىدۇ!›› دەپ بۇيرىدى.

***************************************************

# پەيغەمبەر خەۋەر بەردى

************************************************

## ياشىساڭ كۆرىسەن!

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بىر كىشى كېلىپ يوقسۇللۇقتىن شىكايەت قىلدى. ئۇ كەتتى. يەنە بىرئازدىن كېيىن باشقا كىشى كەلدى ـ دە، يول توسىدىغان قاراقچىلارنى شىكايەت قىلدى. رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا ئادىي ئىبنۇ خاتىم بارئىدى. ئۇنىڭغا دېدىكى:

‹‹ھەي ئادىي، سەن ھىرە شەھرىنى كۆردىڭمۇ؟››

ئادىي:

‹‹ياق، كۆرمىدىم. پەقەت ئاڭلىدىم.›› دەپ جاۋاب بەردى.

بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

‹‹ئەگەر ئۆمرۈڭ ئۇزىسا، تۆگىسىگە مىنگەن بىر ئايالنىڭ ھىرەدىن يالغۇزغىنە يولغا چىقىپ كەبىنى تاۋاپ قىلىدىغانلىقىنى مۇقەررەركى كۆرىسەن! ئۇ بۇ سەپىرى ئەسناسىدا، ئاللاھتىن غەيرى ھېچبىر نەرسىدىن قورقمايدۇ!››

ئادىي، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاچ، ئىچىدە شۇنداق دەۋاتاتتى:

‹‹مەملىكەتتە دەھشەتلىك قورقۇنچ سالىدىغان قاراقچىلار نەگە بارىدىكىن؟››

رەسۇلۇللاھ سۆزىنى داۋام قىلىپ:

‹‹ئەگەر ئۆمرۈڭ يار بەرسە، كىسرانىڭ خەزىنىلىرىنىڭمۇ فەتىھ قىلىنىدىغانلىقىنىمۇ كۆرىسەن!››

ئادىي ھاڭ ـ تاڭ قالدى:

‹‹كىسرا ئىبنۇ ھۆرمۇزنىمۇ؟›› دېدى.

‹‹ھەئە! كىسرا ئىبنۇ ھۆرمۇزنىڭ›› دېدى رەسۇلۇللاھ ۋە سۆزلىرىگە شۇنداق داۋام قىلدى.

‹‹ئەگەر ئۆمرۈڭ بولسا كۆرىسەنكى، كىشىلەرنىڭ قولى ئالتۇن ۋەيا كۈمۈش پۇل بىلەن تولۇپ تۇرغان ھالدا ئۇنى سەدىقە قىلىپ بېرەلەيدىغان بىر نامراتنى ئىزدەپ تاپالمايدۇ.››

‹‹ھەربىرىڭلار چوقۇم كېلىدىغان بىر كۈن، ئاراڭلاردا ھېچبىر پەردە، ھېچبىر تەرجىمان بولماستىن ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىسىلەر. ئۇ ۋاقىت ئاللاھ تائاللاھ:

‹‹ساڭا تەبلىغ ئەكەلگەن بىر پەيغەمبەر ئەۋەتمىدىممۇ؟›› دەپ سورايدۇ.

سوئال سورىغانلار:

‹‹ھەئە، ئەۋەتتىڭ!›› دەيدۇ.

ئاللاھ تائالاھ:

‹‹مەن ساڭا مال بەرمىدىممۇ، ئىكرام قىلمىدىممۇ؟›› دەيدۇ.

قۇل:

‹‹ھەئە! ئەي رەببىم بەردىڭ!›› دەيدۇ. ئۇڭ تەرىپىگە قارايدۇ، دوزاختىن باشقا بىرنەرسە كۆرمەيدۇ، سول تەرىپىگە قارايدۇ ، دوزاختىن باشقا بىرنەرسە كۆرمەيدۇ.››

ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، سۆزلىرىنى مۇنداق تاماملىدى:

‹‹بىر خورما يېرىمىنى بولسىمۇ سەدىقە قىلىپ بېرىش ئارقىلىق ئاتەشتىن ساقلىنىڭلار! كىمكى، يېرىم خورمىنىمۇ تاپالمىسا، چىرايلىق بىر ئېغىز سۆز سۆزلەپ ساقلانسۇن!

---

ئادىي ئىبنۇ خاتىم، يىللاردىن كېيىن شۇنداق دەيتتى:

‹‹مەن ھىرەدىن چىقىپ، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغان ۋە ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق قورقۇنچىسى بولمىغان ھالدا ساياھەت قىلىدىغان ئايالنى كۆردۈم. كىسرانىڭ خەزىنىلىرىنى فەتىھ قىلغانلارنىڭ ئارىسىدا بولسا، مەن ئۆزۈممۇ بار ئىدىم.

ئەگەر سىلەرنىڭ ئۆمرۈڭلار ئۇزۇن بولسا، قولى ئالتۇن كۈمۈشكە تولۇپ-تاشقان ھالدا سەدىقە بېرىدىغان نامراتنىمۇ تاپالمايدىغانلارنىمۇ كۆرىسلەر››

*************************************************

# قولى ئەگ ئۇزۇن بولغىنى

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سائادەتلىك ئۆيلىرىدە خانىملىرى بىلەن بىرلىكتە ئولتۇراتتى. ۋاپاتىغا ئاز قالغان چاغ ئىدى. ئۇلار پەيغەمبىرىمىزگە:

«ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، ئاخىرەتتە قايسىمىز ئەڭ بۇرۇن سىزنىڭ بىلەن ئۇچرىشىمىز؟» دېيىشتىلەر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ماڭا ئەڭ بۇرۇن ئېرىشىدىغىنىڭلار، قولى ئەڭ ئۇزۇن بولغىنىڭلاردۇر» دېدى.

دەرھال قوللىرىنى ئۆلچەشكە، ئەڭ ئۇزۇن قولغا ئىگە بولغانىنىڭ كىملىكىنى تېپىشقا ئالدىراشتى. كېيىن ئۇلارغا مەلۇم بولدىكى، رەسۇلۇللاھ(قولى ئەڭ ئۇزۇن بولغىنى) دېيىش ئارقىلىق ئەڭ كۆپ سەدىقە بېرىدىغانىنى، ئەڭ كۆپ ياخشى ئىش قىلىدىغانىنى، يوقسۇلنىڭ ھالىدىن ئەڭ كۆپ خەۋەر ئالىدىغانىنى كۆزدە تۇتقان ئىدى.

ئائىشە ئانىمىز دېدىكى:

«قولى ئەڭ ئۇزۇن بولغان زەينەپ ئىدى. چۈنكى ئۇ، قولى بىلەن ئىشلەپ تاپقىنىنى سەدىقە قىلىپ يوقسۇللارغا بېرەر ئىدى.»

---

بىر تىرە ئۇستىسى بولغان زەينەپ ئانىمىز، تىرىنى ھەم ئاشلاپ ھەم تىكەتتى. مۇشۇنداق جاپالىق ئىشلەپ تىككەنلىرىنى سېتىپ پۇل تاپاتتى. تاپقانلىرىنى ئاللاھ يولىدا خەجلەيتتى ، ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلىپ تارقىتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، خانىملىرى ئارىسىدا تۇنجى ۋاپات بولغىنىمۇ ئۇ بولدى.

**************************************************

# چىقىندا *

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىگە شۇنداق بۇيرىدى:

‹‹سىلەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، يات قەۋملەرنىڭ، خۇددى داستىخانغا ئۆز ـ ئارا چاقىرىشقان يەمچىلەردەك بىر ـ بىرلىرىنى چاقىرىشىدىغان زامان يېقىندۇر.››

ئاڭلىغانلاردىن بىرى:

‹‹ئۇ كۈن، بىز سان جەھەتتىن ئاز بولىمىزمۇ، ئاز بولغانلىقىمىز ئۈچۈن شۇنداق بولىمىزمۇ؟›› دەپ سورىدى.

رەسۇلۇللاھ:

‹‹ياق›› دېدى. ‹‹ئەكسىچە، ئۇ كۈن سىلەر نۇرغۇن. ئەمما سىلەر خۇددى سەل ئەكىلىپ يىغقان چىقىندىلار كەبى، ھىچقانداق ئېغىرلىقى بولمىغان ئەخلەت ھالىتىدە بولىسىلەر. ئاللاھ، دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قەلبىدىن سىلەرگە نىسپەتەن قورقۇش تۇيغۇسىنى كۆتۈرىۋېتىدۇ ۋە سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ئاجىزلىقنى بېرىدۇ!››

‹‹ئاجىزلىق نېمىدۇر، ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى›› دەپ سورالدى.

‹‹قەلبىڭلاردىكى دۇنيا سۆيگۈسى ۋە ئۆلۈم قورقۇنچىسىدۇر!›› دەپ بۇيرىدى.

**********************************************

# ھەمد ئۆيى

ھەزرىتى پەيغەمبەر بىر كۈنى ساھابىلىرىغا ئېيتتىكى:

‹‹بىر قۇلنىڭ بالىسى ئۆلسە، ئاللاھ مەلەكلەرگە شۇنداق دەيدۇ:

قۇلۇمنىڭ بالىسنى تاپشۇرۇپ ئالدىڭلارمۇ؟››

مەلەكلەر:

‹‹ھەئە›› دېيىشتى.

جانابي ھەق:

‹‹يەنى قەلبىنىڭ مېۋىسنى قولىدىنمۇ ئالدىڭلار؟››

مەلەكلەر يەنە:

‹‹ھەئە!›› دېيىشتى.

ئاللاھ تەكرار سورايدۇ:

‹‹قۇلۇم بۇ چاغدا نېمە دېدى؟››

مەلەكلەر:

‹‹ساڭا ھەمد ئېيتتى ۋە ساڭا سېغىندى›› دېيىشىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئاللا تائاللاھ ھەزرەتلىرى شۇنداق بۇيرۇيدۇ:

‹‹ئۇنداق بولسا، قۇلۇم ئۈچۈن جەننەتتە بىر ساراي ئىنشاھ قىلىڭلار ۋە بۇنىڭغا ‹ھەمد ئۆيى› دەپ ئىسىم بېرىڭلار.››

**************************************************

# ئەڭ ئاخىرقى جەننەتلىك

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىگە دېدىكى:

«مەن ئاتەش ئەھلىدىن دوزاختىن ئەڭ ئاخىرى چىقىدىغان، جەننەت ئەھلىدىن جەننەتكە ئەڭ ئاخىرى كىرىدىغاننى چوقۇم بىلىمەن.»

«بۇ شۇنداق بىر كىشىدۇركى، دوزاختىن تەمتىرىگىنىچە چىقىدۇ. جانابىي ھەق ئۇنىڭغا:

«جەننەتكە كىر!» بۇيرۇيدۇ.

ئۇ كىشى بولسا جەننەتكە بارىدۇ. ئۇنىڭغا شۇنداق كېلىدۇكى، جەننەت ئاغزىغىچە توشۇپ كەتكەن، سىغقىدەك بىر يەر قالمىغان. بۇ ئوي بىلەن قايتا رەببىگە:

«يا رەببى جەننەت لىق توشۇپ كېتىپتۇ» دەيدۇ.

جانابىي ھەق ئۇنىڭغا يەنە:

«ماڭ جەننەتكە كىر! دۇنيا قەدەر ۋە دۇنيانىڭ ئون ھەسسىچىلىك يەر سېنىڭ ئۈچۈن ھازىردۇر!»

ھېلىقى كىشى ئىس-يادىغا كېلىپ باقمىغان بۇ ئىلاھى لۇتۇف ۋە ئېھسان ئالدىدا، خۇشاللىقىدىن گاڭگىراپ:

«يا رەببى! سەن پۈتۈن كائىناتنىڭ سۇلتانى تۇرۇپ، مېنى زاڭلىق قىلىۋاتامسەن؟» دەيدۇ.

بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان، ئىبنى مەسئۇد دەيدۇكى، رەسۇلۇللاھ بۇ يەردە ئاغزىدىكى ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنگىدەك دەرىجىدە قاقاقلاپ كۈلدى ۋە سۆزلىرىنى شۇ شەكىلدە تۈگەتتى:

«مانا جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ تۆۋەن مەرتىۋىسى بۇدۇر!»

**************************************************

# پەيغەمبەر تىلىدىن ھېكمەتلىك مەسەللەر

*****************************************************

## بىر كىچىك ياخشىلىق

ھەزرىتى پەيغەمبەر شۇنداق ئېيتىدۇ:

‹‹بىر ئادەم يولدا كېتىۋاتقىنىدا، يول ئۈستىدە بىر يانتاقنى ئۇچراتتى. ئۇنى ئېلىپ يان تەرەپكە تاشلىدى. ئاللاھ، بۇ ھەرىكەتتىن خوشال بولۇپ ئۇنىڭغا مەغپىرەت ئاتا قىلدى، گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلدى.

*****************************************************

## بۇيۈك گۇناھلىرىمۇ بار ئىدى

ھەزرىتى پەيغەمبەر شۇنداق ئېيتقان:

‹‹بىر كىشىگە قىيامەت كۈنى كىچىك گۇناھلىرى كۆرسىتىلىپ ھېسابقا تارتىلدى. ھېلىقى بىچارە ئادەم:

‹‹بۈيۈك گۇناھلىرىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ مەن تۈگىشىدىغان بولدۇم!›› دەپ قورقىۋاتاتتى.

‹‹گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچى بولغان ئاللاھ مۇشۇ قۇلۇمنىڭ قىلغان ھەر يامانلىقىغا بىر ساۋاب يېزىڭلار›› دەپ بۇيرىدى.

ھېچ كۈتۈلمىگەن بۇ لۇتۇپ ئالدىدا ھېلىقى ئادەم:

‹‹مېنىڭ يەنە بۈيۈك گۇناھلىرىم بار ئىدى. ئۇلارنى كۆرەلمەيۋاتىمەن، كاشكى ئۇلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقسا بۇلارغىمۇ ساۋاب بېرىلسە!›› دېگىلى تۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ بېرىۋاتقىنىدا ئۇ دەرىجىدە كۈلدىكى ئېزىق چىشلىرىمۇ كۆرۈلدى.

--------

# بۇلۇتتىن كەلگەن سادا

ھەزرىتى پەيغەمبەر شۇنداق ئېيتقان:

‹‹بىر ئادەم قۇرۇق بىر ئېتىزلىقتا كېتىۋاتقىنىدا، بۇلۇت ئىچىدىن كەلگەن بىر سادانى ئاڭلىدى. پالانچىنىڭ بېغىغا سۇ سال!››

ھېلىقى بۇلۇت ئۇزاقلىشىپ كەتتى ۋە پۈتۈن سۈيىنى بىر قىيالىققا تۆكتى.

دەل مۇشۇ پەيتتە سەل ئېچىقلىرىدىن بىرى بۇ سۇنىڭ تامامىنى ئېقىتقىلى تۇردى. ھېلىقى ئادەم سۇ ئاققان يۆلىنىش بويىچە سۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. بىر مۇددەتتىن كېيىن، ئۇ ئاققان سۇنى بېغىغا باشلىغىلىۋاتقان بىرسىنى كۆردى.

ئۇنىڭدىن سورىدى:

‹‹ئى ئاللاھنىڭ قۇلى ، ئىسمىڭ نېمىدۇر؟››

‹‹پالانچى›› دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى كىشى.

بىلدىكى، بۇ بۇلۇتتىن ئاڭلىغان كىشىنىڭ ئىسمى ئىدى ۋە ئۇنىڭدىن سورىدى:

‹‹مەن ساڭا شۇ سۇنى ئەكەلگەن بۇلۇتتىن بىر سادانى ئاڭلىدىم. سېنىڭ ئىسمىڭنى چاقىرىپ تۇرۇپ پالانچىنىڭ بېغىغا سۇ سال!››دېدى. سەن بۇ باغدا نېمە ئىش قىلىسەن؟

ئۇنداقتا سەن سورىدىڭ مەن ساڭا دەپ بېرەي›› دېدى ھېلىقى ئادەم.

‹‹مەن بۇ باغدىن چىققان مەھسۇلاتقا قارايمەن ، چىققان مەھسۇلاتنىڭ ئۈچتە بىرىنى سەدىقە قىلىپ تارقىتىمەن، ئۈچتە بىرىنى ئائىلەمگە ئايرىيمەن، ئۈچتە بىرىنى بولسا باغچىغا قايتۇرىمەن›› دېدى.

***********************************

# سەدىقە

ھەزرىتى پەيغەمبەر شۇنداق ئېيتقان:

بىر كىشى:

‹‹بۇ كېچە چوقۇم بىر سەدىقە بېرىمەن›› دەپ سەدىقىسىنى يېنىغا ئېلىپ ئۆيدىن چىقتى. پەقەت، ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۇنى بىر ئوغرىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

تاڭ ئاتقانداق جامائەت:

‹‹بۇ كېچە بىر ئوغرىغا سەدىقە بېرىلىپتۇ›› دەپ غەيۋەت قىلىشتى.

ھېلىقى ئادەم:

‹‹ئەي ئاللاھىم بىر ئوغرىغا سەدىقە بېرىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ساڭا ھەمد ئېيتىمەن. پەقەت، چوقۇم يەنە بىر سەدىقە بېرىمەن›› دېدى.

ئەتىسى كېچىسى يەنە بېرىدىغان سەدىقىسىنى يېنىغا ئېلىپ ئۆيدىن چىقتى. پەقەت بۇ قېتىممۇ، كېچىنىڭ قاراڭغۇلىقىدا پەرق ئېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن سەدىقىسىنى زىنا قىلىدىغان ناچار بىر ئايالغا بەردى.

تاڭ ئاتقاندا جامائەت:

‹‹بۇ كېچە بىر پاھىشەگە سەدىقە بېرىلدى›› دەپ غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىشتى.

ھېلىقى ئادەم بولسا:

‹‹ئەي ئاللاھىم›› دەيتتى. ‹‹بىر پاھىشەگە، سەدىقە بەرگەنلىكىم ئۈچۈن ساڭا ھەمد بولسۇن. پەقەت يەنە بىر سەدىقە چوقۇم بېرىمەن››

ۋە ئۇ كېچىسىمۇ سەدىقىسىنى يېنىغا ئېلىپ كوچىغا چىقتى. پەقەت بۇ قېتىم باي بىر كىشىگە سەدىقە بەردى.

تاڭ ئاتقاندا خەلق يەنە غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىشتى.

‹‹بۇ كېچە بىر بايغا سەدىقە بېرىلدى!››

ھېلىقى ئادەم بولسا:

‹‹ئاللاھىم بىر ئوغرىغا، بىر پاھىشەگە ۋە بىر بايغا سەدىقە بەرگەنلىكىم ئۈچۈن ساڭا ھەمد ئېيتىمەن›› دەپ يېتىپ ئۇخلىدى. چۈشىدە ئۆزىگە شۇنداق دېيىلدى:

‹‹سېنىڭ سەدىقىلىرىڭ قوبۇل قىلىندى››

‹‹پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھ يولىدا بەرگەنلىكىڭدىن؛ ئۇ ئوغرى، ئوغرىلىق قىلىشتىن، ئۇ پاھىشە، زىنا قىلىشتىن تۆۋە قىلدى. ۋە ئۇ باي، سېنىڭ ھالىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بەرگىنىدىن

سەدىقە بېرىشكە باشلىدى. ››

# كەفىل

ھەزرىتى پەيغەمغەر شۇنداق ئېيتقان:

‹‹سىلەردىن بۇرۇن ياشىغانلار ئارىسىدا كىفىل ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىدى. بىلگىنىدىن ھېچ ئازماس ئىدى. ھاجەتمەن بولغانلىقىنى بىلگەن بىر ئايالنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئاتمىش دېنار بەردى ۋە ئايالدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ھەرىكەت كۆردى. ئايال تىترىدى ۋە يىغلاشقا باشلىدى.

كىفىل:

‹‹نېمىگە يىغلايسەن؟›› دەپ سورىدى.

ئايال:

‹‹بۇ، مەن ھېچ قىلىپ باقمىغان ھارام نەرسىدۇر. بۇ گۇناھقا رازى قىلغانمۇ نامراتلىقىمدۇر›› دېدى.

كىفىل:

‹‹يەنى سەن ئەمدى ئاللاھتىن قورقۇپ يىغلاۋاتامسەن›› دېدى.

‹‹ئۇنداق بولسا ئەگەر ئاللاھتىن قورقۇشقا مەن سەندىن تېخىمۇ لايىق! قىنى كەت، بەرگەن پۇللىرىممۇ سېنىڭ بولسۇن. ۋاللاھى مەن بۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھقا ھېچبىر زامان ئاسىي بولمايمەن››

كىفىل ئەتىسى ئۆلدى. ئەتىگەندە ئۆيىنىڭ ئىشىكىدە شۇنداق بىر خەت يېزىلغان ئىدى:

‹‹ئاللاھ كىفىلنى كەچۈردى، ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلدى››

خەلق بۇ ئىشقا ناھايىتى ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئاللاھ، ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىگە كىفىلنىڭ ئەھۋالىنى ۋەھى بىلەن بىلدۈرگەنگە قەدەر ھەيرانلىقى داۋام قىلدى.

***********************************

# ياشنىڭ رەببىنىڭ ئىسمى بىلەن

ھەزرىتى پەيغەمبەر شۇنداق ئېيتقان:

‹‹سىلەردىن بۇرۇنقىلار ئارىسىدا بىر پادىشاھ بار ئىدى. بۇ پادىشاھنىڭمۇ بىر سېھىرگەرى بار ئىدى. سېھىرگەر خېلىلا ياشىنىپ قالغان ئىدى. پادىشاھقا ئېيتتىكى:

‹‹مەن ئەمدى قېرىدىم، ماڭا بىر ئوغۇل بالا ئەۋەتكىنكى، ئۇنىڭغا سېھىر قىلىشنى ئۆگىتەي››

پادىشامۇ سېھىرگەرگە ياش بىر يىگىتنى ئەۋەتتى.

ياش يىگىت ھەركۈنى سېھىرگەرنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان يولنىڭ ئۈستىدە ئۆيى بار بىر راھىب بار ئىدى. بىر كۈنى كېتىۋاتقىنىدا ئۇنىڭغا يولۇقۇپ دېيىلىۋاتقانلارنى تىڭشىدى. راھىبنىڭ سۆزلىرى يىگىتكە يېقىپ قالدى. شۇنداق قىلىپ ھەرقېتىم سېھىرگەرنىڭ يېنىغا بارغىنىدا راھىبقا يولۇقاتتى.

بىر كۈنى سېھىرگەر، يىگىت ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشتە كەچ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئۇردى. ياش يىگىت بۇ ئەھۋالنى راھىبقا شىكايەت قىلدى.

راھىب ئۇنىڭغا:

‹‹ئەگەر سېھىرگەردىن قورقساڭ، ئۆيدە ئائىلەم مېنى ئاۋارە قىلدى!، ئەگەر ئائىلەڭدىن قورقساڭ سېھىرگەر مېنى ئاۋارە قىلدى دە ›› دەپ ئەقىل كۆرسەتتى.

ۋەزىيەت مۇشۇنداق داۋام قىلىپ كېتىۋەردى، ياش يىگىت كىشىلەرنىڭ يولىنى توسايدىغان بۈيۈك بىر جانىۋار ھايۋانغا ئۇچرىدى.

ئۆز ـ ئۆزىگە‹‹ بۈگۈن سېھىرگەرمۇ ياكى راھىبمۇ ئەڭ ياخشى ئۇنى بىلىمەن›› دېدى.

قولىغا بىر تاش ئېلىپ:

‹‹ئاللاھىم ئەگەر راھىبنىڭ ئىشى، سېنىڭ نەزىرىڭدە سېھىرگەرنىڭ ئىشىدىن تېخىمۇ ياخشى بولسا شۇ جانىۋارنى ئۆلتۈر!›› دەپ ھېلىقى ھايۋانغا ئاتتى ۋە جانىۋار ئۆلدى، ئىنسانلارمۇ يوللىرىغا داۋام قىلىشتى.

ياش يىگىت راھىبنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەھۋالنى ئاڭلاتتى:

راھىب ئۇنىڭغا:

‹‹بۈگۈن سەن مەندىن تېخىمۇ ئۈستۈنسەن، كۆرىۋاتىمەنكى، ئۇلۇغ بىر مەقەمدەسەن. سەن ئىمتىھانغا دۇچ كېلىسەن بۇ ئىمتىھانغا دۇچ كەلگىنىڭدە ھەرگىز مەندىن باشقا بىر كىشىگە ئېيتما!››

ياش يىگىت ئۇ كۈندىن كېيىن، ئانىسىدىن تۇغما كۆرلەرنى ۋە ھەرخىل ناچار كېسەللىكلەرگە مۇپتىلا بولغانلارنى داۋالايدۇ، ئىنسانلارنى يەنە نۇرغۇنلىغان ئىللەتلەردىن قۇتقۇزىدۇ. ئۇنىڭ نامى

پادىشاھنىڭ كور بىر دوستىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. نۇرغۇنلىغان ھەدىيەلەرنى ئېلىپ، ھېلىقى يىگىتنىڭ قېشىغا باردى. ئەگەر مېنى داۋالىيالىساڭ شۇ ھەدىيەلەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭدۇر!›› دېدى.

ھېلىقى يىگىت:

‹‹مەن ھېچكىمنى داۋالىمايمەن، داۋا قىلىدىغان ئاللاھتۇر. ئەگەر ئاللاھقا ئىمان ئېيتساڭ، ساڭا شىپا بېرىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن. ئۇمۇ شىپا بېرىدۇ!›› دېدى.

ئۇ ئادەم دەرھال ئىمان ئېيتتى. ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا شىپا بەردى.

ئۇ ئادەم كېيىن پادىشاھنىڭ يېنىغا باردى.

پادىشاھ ئۇنىڭدىن سورىدى:

‹‹كۆزىڭنى كىم ساڭا قايتۇرۇپ بەردى›› دېدى.

‹‹رەببىم›› دېدى.

پادىشاھ:

‹‹سېنىڭ مېنىڭدىن باشقا رەببىڭ بارمۇ؟›› دېدى.

ھېلىقى ئادەم:

‹‹مېنىڭمۇ سېنىڭمۇ رەببىمىز ئاللاھتۇر›› جاۋابىنى بەردى.

پادىشاھ ئۇنى تۇتتۇرۇپ كېلىپ ئىشكەنجە قىلدى. ھەتتا كۆزىنى داۋالىغان ۋە ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشىغا سەۋەبچى بولغان ياش يىگىتنىڭمۇ ئىسمىنى ۋە ئورنىنى دېگۈزدى. ياشنى تۇتۇپ ئەكەلدۈردى.

پادىشاھ:

‹‹ئەي ئوغۇل! سېنىڭ سېھرىڭ كورلارنىڭ كۆزىنى ئاچقۇدەك، ۋابا كېسەللەرگە داۋا تاپقۇدەك تەرەققى قىپتۇ. يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلارمىشمىشسەن›› دېدى.

ياش:

‹‹مەن ھېچكىمگە داۋا شىپا بەرگۈچى ئەمەسمەن. شىپانى بەرگۈچى ئاللاھتۇر›› دېدى.

پادىشاھ ئۇنىڭغىمۇ زۇلۇم قىلىشقا باشلىدى. زۇلۇم ئۇ دەرىجىدە بولدىكى، ئۇ ياشمۇ ئاقىۋەتتە راھىبنىڭ ئىسمىنى دەپ بەردى.

شۇنىڭ بىلەن راھىبنى تۇتۇپ كېلىشتى.

ئۇنىڭغا:

‹‹دىنىڭدىن قايت!›› دېيىشتى.

راھىب تىركەشتى. بىر ھەرە ئەكىلىپ بېشىنىڭ ئۈستۈرىسىغا يەرلەشتۈردى ۋە بەدىنىنى ئىككىگە ئايرىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ياشنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغىمۇ :‹‹دىنىڭدىن قايت!›› دېيىشتى.

ياش تىركەشتى، دىنىدىن قايتمىدى.

پادىشاھ ئۇنى بەزى ئادەملىرىگە ئامانەت قىلىپ:

‹‹ئۇنى پالانى تاغقا ئاپىرىڭلار، چوققىسىغا يېقىنلاشقىنىڭلاردا، دىنىدىن قايتىشنى تەلەپ قىلىڭلار. قايتسا، تېخى ياخشى؛ قايتمىسا تاغنىڭ چوققىسىدىن تاشلىۋېتىڭلار!››

پادىشاھنىڭ ئادەملىرى بالىنى ئېلىپ تاغقا چىقىشتى.

ياش:

‹‹ئاللاھىم شۇلارنىڭ ئالدىدا، ماڭا تىلىگىنىم قەدەر ياردەم قىل!›› دېدى. بۇنىڭ بىلەن تاغ سىلكىنىشكە باشلىدى ۋە ھەممىسى يېقىلدى. ياش پىيادە ماڭغىنىچە پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلدى.

پادىشاھ:

‹‹ھەمرالىرىڭغا نېمە بولدى؟›› دېدى.

ياش:

‹‹ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭا ياردەم قىلدى!›› دېدى.

پادىشاھ ئۇنى يەنە ئادەملىرىدىن بەزىلىرىگە تاپشۇرۇپ:

‹‹بۇنى بىر كېمىگە چىقىرىڭلار، دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا، دىنىدىن قايتىشقا بۇيرۇق قىلىڭلار، قايتسا نېمىدىگەن ياخشى ، قايتمىسا دېڭىزغا تاشلىۋېتىڭلار›› دېدى.

تاپشۇرۇق بويىچە ئادەملەر ياشنى كېمىگە سېلىپ يولغا چىقتى. ياش بۇ يەردە:

‹‹ئاللاھىم سەن خالىغان شەكىلدە ماڭا ياردەم قىل!›› دەپ دۇئا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن كېمە ئاغدۇرۇلدى. ئۇلار دېڭىزدا بوغۇلدى. ياش بولسا يەنە ماڭغىنىچە پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلدى.

پادىشاھ:

‹‹ھەمراھلىرىڭنىڭ نېمە قىلدى؟›› دەپ سورىدى.

‹‹ئاللاھ مېنى ئۇلاردىن قۇتقازدى›› دېدى ياش ۋە شۇنداق قوشۇمچە قىلدى:

‹‹مەن بۇيرىغان ئىشنى قىلمىغانغا قەدەر، سەن مېنى ئۆلتۈرەلمەيسەن!››

پادىشاھ:

‹‹نېمە ئۇ؟›› دېدى.

ياش:

‹‹خەلقنى كەڭرى بىر تۈزلەڭلىككە جەم قىل، مېنى بولسا، بىر خورما كۆتىكىگە باغلا، ئاندىن

كېيىن، ئوقدانىمدىن بىر ئوق ئال، ئۇنى يايىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا يەرلەشتۈر ۋە:

‹ياشىنىڭ رەببىنىڭ ئىسمى بىلەن! دەپ›دەپ ئات ›› ئەگەر مۇشۇنى قىلالىساڭ مېنى ئۆلتۈرەلەيسەن.

پادىشاھ دەرھال پەرمان چىقاردى. خەلقنى كەڭ بىر تۈزلەڭلىككە جەم قىلدى. ياش يىگىتنى بولسا بىر خورمىنىڭ كۆتىكىگە باغلاتقۇزدى. ياش بالىنىڭ ئوقدانىدىن بىر ئوق ئېلىپ، يايغا يەرلەشتۈردى.

‹‹ياشىنىڭ رەببىنىڭ ئىسمى بىلەن›› دېدى ۋە ئوقنى قويۇپ بەردى. ئوق، ياشىنىڭ مەيدىسىگە سانجىلدى ۋە ئۇنى ئۆلتۈردى، بۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇيەرگە توپلانغان خالايىق ھەممە بىر ئېغىزدىن:

‹‹ياشىنىڭ رەببىگە ئېمان ئېيتتۇق!››

‹‹ياشىنىڭ رەببىگە ئېمان ئېيتتۇق!››

‹‹ياشىنىڭ رەببىگە ئېمان ئېيتتۇق!›› دەپ ۋارقىراشتى. كېيىن پادىشاھقا شۇنداق دېيىلدى:

‹‹نېمىنى بۇيرىيسىز؟ قورققان نەرسە بېشىڭىزغا كەلدى. خەلق ياشىنىڭ رەببىگە ئېمان ئېيتتى›› دېيىشتى.

پادىشاھ دەرھال كوچا باشلىرىغا خەندەكلەر قېزىلىشنى بۇيرىدى. ئۇ خەندەكلەرنىڭ ئىچىنى ئاتەش بىلەن تولدۇرغۇزدى.

پادىشاھ:

‹‹كىمكى يېڭى دىنىدىن قايتمىسا، ئۇلارنى ئاتەشكە تاشلاڭلار ياكى ئۆزلىرىنى مەجبۇرى ھالدا ئوتقا كىرىشكە زورلاڭلار›› دەپ پەرمان قىلدى.

پۈتۈن بۇ ئىشلار قىلىنىۋاتقاندا بىر قۇچىقىدا بالىسى بار بىر ئايال ئېلىپ كېلىندى. ئايال بىر ھازا ئىككىلەندى، ئاتەشكە چۈشۈشتىن ئۆزىنى تارتتى. بالا:

‹‹جېنىم ئانا سەۋرى قىل، چۈنكى سەن ھەق ئۈستىدەسەن!››

**************************************************

# جۇرەج

ھەزرىتى پەيغەمبەر شۇنداق ئېيتقان:
‹‹جۇرەيج، ئۆزىنى ئىبادەتكە ئاتىغان بىر قۇل ئىدى. ئۆزىنى بىر ئىبادەتخانىغا قاماپ ئۇ يەردە تائەت ـ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل ئىدى. بىر كۈنى ئانىسى ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، جۇرەيج ئۇ ئەسنادا ناماز قىلىۋاتاتتى.
‹‹ئەي جۇرەيج!›› دەپ ئۇنى يېنىغا چاقىردى.
جۇرەيج:
‹‹ئاللاھىم! ئاناممۇ، ياكى نامىزىممۇ؟ قايسىسىنى تاللاي؟›› دەپ ئويلىدى.
ئانىسى ئۇنى چاقىرىۋەردى. ھەر قېتىمدا ئۈچ قېتىم بولۇپ ئۈچ كۈن ئۇدا چاقىردى.
ئەڭ ئاخىرقى چاقىرىشىدا ئۇنىڭغا:
‹‹ئاللاھىم، ناچار ئاياللارنىڭ يۈزىنى كۆرسەتمەي تۇرۇپ جېنىنى ئالما›› دەپ قارغىدى.
ئىسرائىل ئوغۇللىرى، ئۆز ئارىسدا جۇرەيج ۋە ئۇنىڭ ئىمانىنى مۇنازىرە قىلىشاتتى. ئۇ دىياردا گۈزەللىكى ھەركىمنىڭ تىلىدا داستان ناچار بىر ئايال بار ئىدى.
ھېلىقى يامان ئايال:
‹‹خالىساڭلار مەن ئۇنى پىتنە ـ پاساتنىڭ ئىچىگە تاشلايمەن›› دېدى ۋە بېرىپ جۇرەيج بىلەن چېقىشقىلى تۇردى. پەقەت جۇرەيج ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلمىدى.
ئايال بىر چوپاننىڭ يېنىغا باردى. بۇ چوپان جۇرەيجنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ يېنىدا ئۆزىگە تۇرالغۇ تاپقان بىرى ئىدى. ھېلىقى ئايال ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولدى ۋە ھامىلە قالدى ، بالىسىنى تۇغقاندا بولسا:
‹‹بۇ بالا جۇرەجتىن تۆرەلگەن!›› دېدى.
خەلق غەزەپ بىلەن كېلىپ جۇرەجنى ئىبادەتخانىسىدىن چىقىرىشتى ۋە ئىبادەتخانىسىنى كۆيدۈرىۋەتتى. جۇرەيجنى بولسا ھاقارەت قىلىپ ئۇرۇشتى.
جۇرەيج ئۇلارغا:
‹‹دەردىڭلار نېمە؟›› دەپ سورىدى.
‹‹شۇ پاھىشە بىلەن زىنا قىلدىڭ ۋە سېنىڭدىن بىر بالا تۇغۇلدى›› دېيىشتى.
جۇرەيج:
‹‹بالا قەيەردە؟›› دېدى.
خەلق بالىنى ئېلىپ جۇرەيجنىڭ يېنىغا كەلدى.
جۇرەيج:
‹‹قويۇپ بېرىڭلار، مەن نامىزىمنى قىلاي›› دېدى.
قويۇپ بېرىشتى ۋە ئۇ نامىزىنى ئۆتىدى. نامىزى تۈگىگەندىن كېيىن بالىنىڭ يېنىغا باردى، قورسىقىنى ئىتتىرىپ تۇرۇپ: ‹‹ئەي بالا! داداڭ كىم؟›› دەپ سورىدى. ق
بالا: ‹‹پالانى چوپاندۇر›› دېدى.
بۇنى ئاڭلىغان خەلق جۇرەيجنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى سۆيۈپ سىلاشتى ۋە:
‹‹سېنىڭ ئىبادەتخاناڭنى ئالتۇندىن ياسايمىز!›› دېيىشتى.
جۇرەيج بولسا:

‹‹ياق! بۇرۇنقىدەك قىشتىن ياساپ بېرىڭلار يېتەرلىك!›› دەپ جاۋاب بەردى.

**************************************************

# ئوڭ قول بىلەن بەرگىنىدە

ھەزرىتى پەيغەمبەر شۇنداق ئېيتقان:

ئاللاھ يەرنى ياراتقان ۋاقىت يەر يۇلاڭلاشقان خۇددى بىر خورما دەرىخىدەك ئوڭغا سولغا لىڭشىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن تاغلار ئارقىلىق ئۇنى مۇقىملاشتۇردى ۋە بۇنىڭلىق بىلەن يەر قارارنى تاپتى. مەلەكلەر تاغلارنىڭ شىددىتىگە ھەيران قېلىشتى.

‹‹ئەي رەببىمىز تاغلاردىن تېخىمۇ شىددەتلىك مەخلۇق ياراتتىڭمۇ؟›› دېيىشتى.

جانابىي ھەق:

‹‹ھەئە!›› دەپ بۇيرىدى. ‹‹تۆمۈرنى ياراتتىم››.

‹‹تۆمۈردىن تېخىمۇ شىددەتلىك بىر نەرسە ياراتتىڭمۇ؟›› دەپ سوراشتى.

ھەق تائالا:

‹‹ھەئە›› دېدى. ‹‹ئاتەشنى ياراتتىم››.

‹‹ئاتەشتىن تېخىمۇ شىددەتلىك بىر نەرسە ياراتتىڭمۇ؟›› دەپ سوراشتى.

ھەق تائالا:

‹‹ھەئە›› دېدى. ‹‹سۇنى ياراتتىم››.

‹‹سۇدىن تېخىمۇ شىددەتلىك بىر نەرسە ياراتتىڭمۇ؟›› دېيىشتى.

ھەق تائالا تەكرار جاۋاب بېرىپ:

‹‹ھەئە، شامالنى ياراتتىم!››

‹‹شامالدىنمۇ شىددەتلىك بىر نەرسە ياراتتىڭمۇ؟›› دەپ سوراشتى.

ھەق تائالا يەنە جاۋاب بېرىپ:

‹‹ھەئە، ئىنسان ئەۋلادىنى ياراتتىم›› دېدى. ‹‹ئەگەر ئوڭ قولى بىلەن بەرگەن سەدىقىسىنى سول قولى كۆرمىگىدەك يوشۇرالىسا ئۇ تېخىمۇ شىددەتلىك بولىدۇ››

**************************************************

# ئۈچ دىن مىسالى*

ھەزرىتى پەيغەمبەر شۇنداق ئېيتقانىدى:

‹‹مۇسۇلمان، يەھۇدى ۋە خرىستىيانلارنىڭ مىسالى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بىر ئادەم بار، بىر گورۇپ كىشىلەرنى مۇئەييەن ھەق بىلەن ئۆزى ئۈچۈن كېچىگە قەدەر ئىشلىتىشنى خالايدۇ. بۇلار كۈندۈزنىڭ يېرىمىغىچە ئىشلىگەندىن كېيىن:

‹‹بىزگە شەرت قويۇپ بەرمەكچى بولغان پۇلغا ئېھتىياجىمىز يوق! بىز كېتىمىز، شۇ چاغقىچە قىلغان ئىشىمىزغىمۇ پۇل تەلەپ قىلمايمىز›› دېيىشتى.

ھېلىقى ئادەم ئۇلارغا:

‹‹مۇنداق قىلماڭلار، ئىشنىڭ قالغان قىسمىنىمۇ تۈگىتىۋېتىڭلار، ھەققىڭلارنىمۇ تولۇق ئېلىڭلار›› دەپ ئۆتۈنىدۇ. پەقەت ئۇلار بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ ۋە پېشىنى قېقىپ كېتىشىدۇ.

ئادەم ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، ئىشنىڭ داۋامى ئۈچۈن باشقىلارغا ھەق بېرىپ ئۇلارنى چاقىرىدۇ ۋە ئۇلارغا:

‹‹بۈگۈننىڭ قالغان ۋاقتىنى بۇ ئىش بىلەن تۈگىتىڭلار، بۇرۇنقىلارغا ۋەدە قىلغان ھەقنى سىلەرگە تولۇق بېرەي›› دەيدۇ.

ئۇلار ناماز دېگەرگە قەدەر ئىشلىگەندىن كېيىن:

‹‹ئىشلىگەن سېنىڭ بولسۇن ، قىلغان ئىشنىڭ ھەققىنىمۇ ئىستىمەيمىز›› دەپ پېشىنى قېقىپ كېتىشىدۇ.

ھېلىقى ئادەم ئۇلارغىمۇ:

‹‹ئېشىڭلارنىڭ قالغان قىسمىنى تۈگىتىۋېتىڭلار، ئاخشام بولۇشقا ئاز ۋاقىت قالدى›› دەپ ئۆتۈنىدۇ ئەمما ئاڭلىتالمايدۇ.

ھېلىقى ئادەم قالغان ۋاقىت ئۈچۈن يېڭىدىن باشقا ئىشچىلەرنى چاقىرىدۇ، ئۇلار بولسا قۇياش پاتقۇچە ئىشلەيدۇ ۋە ئالدىنقى ئىككى گورۇپنىڭ ھەققىنىمۇ تولۇق ئالىدۇ.

مانا بۇ ئۇلارنىڭ ۋە بۇ نۇردىن قوبۇل قىلغان مىقتارىنىڭ مىسالىدۇر.

*****************************************************

# پەيغەمبەرنىڭ دوستلىرى

********************************************************

## مەن بار، يا رەسۇلۇللاھ!

ئىسلامىيەت قۇياشى تۇنجى تۇغۇلغان يىللار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بۇيرىغىنى بويىچە دىننى تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ-تىرمىشىۋاتاتتى. ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىز بولسا پۈتۈن مال-مۈلكىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بەرگەن ئاللاھنىڭ دىنىغا خىزمەت قىلىشقا سەرپ قىلىۋاتاتتى.

بىر كۈنى، مەككىنىڭ چوڭلىرى تەكلىپ قىلىنىپ بىر زىياپەت بېرىلدى. ئۇلار تەشرىپ قىلىشتى. تۆردە ئولتۇرۇپ يەپ-ئىچىشىۋاتاتتى. رەسۇلۇللاھ، ئۇلارغا بىر نەرسە چۈشەندۈرۈش، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن ئوقۇپ بېرىش ۋە پەيغەمبەرلىكىدىن خەۋەر بېرىش ئۈمۈدى بىلەن پۇرسەت ئىزدەۋاتاتتى. بىر ھازا سۆزلەشكە باشلىدى. ئاخىرقى ۋە ھەق پەيغەمبەر سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز يېقىنلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ خۇسۇستا ئۆزىگە ياردەم قىلىشى كېرەكلىكىنى بايان قىلدى. سۆزىنى تۈگەتكىنىدە:

‹‹ئاراڭلاردا ماڭا ياردەم قىلىدىغانلار يوقمۇ؟›› دەپ سورىدى.

ئاللاھ رەسۇلىنىڭ بۇ سۆزىگە، شۇ ئەسنادا زىياپەتتىكىلەرگە سۇ بېرىۋاتقان يەتتە يېشىدىكى بىر بالا جاۋاب بەردى:

‹‹مەن بار، يا رەسۇلۇللاھ!››

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېلىقى سۇئالىنى ئۈچ قېتىم سورىغان بولسىمۇ، سورۇندا ھازىر بولغانلار ئارىسىدىن پەقەت ئۇ كىچىك بالىنىڭ ئاۋازى تۇيۇلدى:

‹‹مەن بار، يا رەسۇلۇللاھ!››

ھېلىقى كىچىك ۋە ئورۇق سۇچى بالا، ئاللاھنىڭ ئارسلانى، ئىلىم شەھرىنىڭ دەرۋازىسى، ھەزرىتى ئەلى ئىدى ۋە ھەرزامان پەيغەمبەرنىڭ يېنىدا بار بولدى.

********************************************************

# ئۈممەتنىڭ ئىككى ئاشىقى

بىر كۈنى ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە:

«ئەي ئەبۇ بەكرى! ئاللاھنىڭ رەسۇلىدىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ خەيرلىكى بولغان!» دەپ خىتاب قىلدى.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب بەردى:

«سەن مۇنداق دېسەڭ، مەنمۇ ساڭا رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلىغىنىمنى ئېيتىمەن» دېدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغىنىنى نەقىل قىلدى:

«قۇياش ئۆمەردىن تېخىمۇ خەيرلىك ھېچكىشىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ پاتمىدى»

**************************************************

# چاقچاق

ساھابىلەر ئارىسىدا چاقچاقچى بىرى بار ئىدى. بىر كۈنى يەنە ئەتراپىدىكىلەرگە چاقچاق قىلىپ كۈلدۈرىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، چاقچاق قىلىپ قولىدىكى چىۋىق بىلەن ئۇنىڭ بېقىنىغا ئاستا سانجىدى. بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئادەم تۇيۇقسىز جىددىيلەشتى:

‹‹ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى، جېنىمنى ئاغرىتتىڭىز!›› دېدى. ‹‹ئىجازەت قىلسىڭىز قىساس ئالاي››

ساھابىلەر ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى، قورقۇپ ئاچچىقلاشتى.

ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

‹‹قېنى قىل!›› دەپ بۇيرىدى.

ھېلىقى ئادەم:

‹‹ئەمما ئۈستىڭىزدە كۆينەك بار›› دېدى. ‹‹مېنىڭ ئۈستۈمدە كۆينەك يوقتى، قىساسىنىڭ دەل بولىشى ئۈچۈن، سىزمۇ سېلىشىڭىز كېرەك!››

ئۇنىڭ بۇ تەلىۋى بويىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆينىكىنى كۆتۈرۈپ بېقىنىنى ئاچتى. ھېلىقى ئادەم رەسۇلىللاھنى قۇچاقلاپ بېقىنىنى تويغۇچە سۆيۈشكە باشلىدى ۋە:

‹‹مەن بۇنى ئارزۇ قىلغان ئىدىم ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى!›› دېدى.

***************************************************

# ئوسمان كەلگەندە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سائادەتلىك ئۆيىدە ئىدى. ئۆزىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى كەلدى، ئۇ ئەسنادا، رەسۇلىللاھ ئورنىدا ياتاتتى. ئەبۇ بەكر، ھەزرىتى ئائىشە ۋاستىسى بىلەن ئۆيگە كىرىشكە رۇخسەت تەلەپ قىلدى. رەسۇلىللاھ ئۇنى قوبۇل قىلدى.

ئەبۇ بەكر ئۆيگە كىرگىنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھالىتىنى ئۆزگەرتمەي ئورنىدا يېتىۋەردى.

ئەبۇ بەكر كەتتى، ئارقىسىدىن ھەزرىتى ئۆمەر كەلدى ۋە ئۇمۇ رەسۇلىللاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت ئىزدىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىمۇ ياتقان يېرىدە قوبۇل قىلدى. بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇمۇ كەتتى. ئۇ كېتىپ كۆپ ئۆتمەي ھەزرىتى ئوسمان كەلدى ۋە رۇخسەت ئىستىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن تەڭ ياتقان يېرىدىن تۇرۇپ ئۈستى-بېشىنى ئوڭشاپ ئوسماننى ئىچكىرىگە دەۋەت قىلدى ئۇمۇ بىر ھازادىن كېيىن قايتىپ كەتتى.

ھەزرىتى ئائىشە بۇ ھالغا چىدىماي دەرھال سورىدى؛

‹‹ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى، ئەبۇ بەكر ۋە ئۆمەر كەلگىنىدە ھالىتىڭىزنى ھېچ ئۆزگەرتمىدىڭىز ئەمما ئوسمان كەلگىنىدە بولسا دەرھال ئۆزگەرتتىڭىز، بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟››

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب بەردى:

‹‹ئوسمان ناھايىتى ئۇياتچان بىرسىدۇر، مەن ھالىتمنى ئۆزگەرتمەي ئورنۇمدا ياتقان پېتى ئۇنى قوبۇل قىلغىنىمدا، كېلىش سەۋەبىنى ماڭا ئاچماستىنلا كېتىپ قېلىشىدىن قورقتۇم.››

---

بىر باشقا رىۋايەتتە بولسا، رەسۇلىللاھ شۇنداق دېگەنمىش:

‹‹ئۇنىڭدىن ھەتتا مەلەكلەرمۇ ھايا قىلغان بىر ئىنسان تۇرسا مەن ھايا قىلمايمەنمۇ؟››.

*********************************************

# يۇلتۇزلۇق بىر كىچە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ناماز شام ئوقۇپ بولۇپ ئۆيگە قايتقان ئىدى ، ئارقىسىدا قالغانلار ئۆز ـ ئارا پاراڭلىشىپ:

‹‹بۇ يەردە ئولتۇرۇپ خۇپتەننىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئوقۇيلى›› دەپ قارار قىلىشتى.

رەسۇلۇللاھ بىر ھازادىن كېيىن ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە:

‹‹تېخىچە بۇ يەردىمۇ سىلەر؟›› دەپ سورىدى.

‹‹ھەئە›› دېيىشتى.

‹‹ئوبدان قىلىشىپسىلەر›› دېدى رەسۇلۇللاھ ۋە بېشىنى ئاسمانغا كۆتۈردى ــ دە، شۇنداق بۇيرىدى:

‹‹يۇلتۇزلار سامانىڭ خاتىرجەملىكىدۇر. يۇلتۇزلار كەتتىمۇ ۋەدە قىلىنغان نەرسە ساماغا كېلىدۇ. مەنمۇ ساھابىلىرىم ئۈچۈن بىر خاتىرجەملىكمەن. مەن كەتتىممۇ، ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان نەرسە كېلىدۇ، ساھابىلىرىممۇ ئۈممىتىم ئۈچۈن بىر خاتىرجەملىكتۇر. ساھابىلىرىم كەتتىمۇ، ئۈممىتىمگە ۋەدە قىلىنغان نەرسە كېلىدۇ››.

************************************************

# ئىلىم تولغان بىر بوغچا

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد، ساھابىلەرنىڭ ئەڭ ئالدىلىرىدىن بىرى ئىدى. بويىنىڭ پاكارلىقى سەۋەبلىك بىرگە ئولتۇرغانلار ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالاتتى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنى كۆرگىنىدە كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى. ئىبنى مەسئۇد، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى، بىر ھازا پاراڭلىشىپ ھەزرىتى ئۆمەرنى كۈلدۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ كۆزدىن غايىب بولغانغا قەدەر ئارقىسىدىن قاراپ قالغان ھەزرىتى ئۆمەر تامامەن كۆزدىن غايىب بولغاندا:

‹‹ئىلىم تولغان بىر بوغچا›› دېدى.

---

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد بىر كۈنى ئاغرىپ قالدى. ھەزرىتى ئوسمان ئۇنى يوقلاپ بارغىنىدا ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا تۆۋەندىكى دىئالوگ جەريان قىلدى:

‹‹نېمە كېسەل بولدۇڭ؟››

‹‹گۇناھلىرىم››

‹‹كۆڭلۈڭ نېمىنى تارتىدۇ؟››

‹‹رەببىمنىڭ رەھمىتىنى!››

‹‹ساڭا بىر تېۋىپ ئەۋەتەيمۇ؟››

‹‹مېنى تېۋىپ خەستە قىلدى!››

‹‹ساڭا ئىھسان ئەۋەتەيمۇ؟››

‹‹ئىھسانغا ئېھتىياجىم يوق››

‹‹قىزلىرىڭغا لازىم ...››

‹‹قىزلىرىمنىڭ يوقسۇل بولۇپ قېلىشىدىنمۇ قورقۇمسەن؟››

‹‹ياق. قىزلىرىمغا ھەركېچە، ۋەقىيە سۈرىسىنى ئوقۇشنى تاپىلىدىم››.

مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:

‹‹كىمكى ۋەقىيە سۈرىسىنى ئوقىسا ئەسلا نامراتلىق يۈزى كۆرمەس›› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

**************************************************

# شاھادەت

بۈيۈك قوماندان ئەمر ئىبنۇل ئاسنىڭ ۋاپاتى يېقىنلاشقان ئىدى، يىغلايتتى. ئوغلى ئابدۇللا سورىدى:

‹‹نېمىشقا يىغلايسەن؟ ئۆلۈمدىن ھۆركۈپ كەتكەنلىكىڭ ئۈچۈنمۇ؟››

‹‹ياق›› دەيدۇ ئەمر. ‹‹ئۆلۈمدىن كېيىنكىسىدىن قورققانلىقىم ئۈچۈن!››

ئابدۇللا ئۇنى تەسەللى قىلىش ئۈچۈن:

‹‹سەن خەير-ساخاۋەت بىلەن ياشىدىڭ›› دەيدۇ ۋە خەير-ساخاۋەتلىرىنى ساناشقا باشلايدۇ. رەسۇلۇللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى، شام ۋە مىسىر فەتىھلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

ئەمر:

‹‹بۇلاردىن تېخىمۇ خەيرلىك بولغانلىرىنى ساناشنى ئۇنتۇپ قالدىڭ.›› دەيدۇ.

يەنى ‹‹ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ بولمىغانلىقىغا كەلتۈرگەن شاھادىتىمنى ئۇنۇتتۇڭ.››